# شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژۇرنىلى

## ئىجتىمائىي پەن قىسمى

2

1982

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah, Sok. 41
No. 7/4 Tel : 558 40 92
Zeytinburnu - İstanbul


# شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى ☆

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

(پەسىللىك ژورنال)

1982 - يىل 2 - سان  ئومۇمىي (10 - سان)


## مۇندەرىجە


شىنجاڭدا سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي ئالىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر.......................... شۈيگولو ( 1 )

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى مۇلۇكچىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە ...... سىرغازى ( 18 )

پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كوز قاراشلىرى توغرىسىدا ....................... ئەبۇ نەسر فارابىي ( 30 )

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە ...... تۇرغۇن ئالماس ( 38 )

يىپەك يولى - خوتەن توغرىسىدا ............ قاسىم ئارىش ( 53 )

شىنجاڭدىكى قەدىمقى تىل - يېزىقلارنىڭ بىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى ........ ....................... گىڭ شىمىڭ ( 65 )

ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى زامانىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى — چۈي يۈەن ... ....................... ئابلەت ئۆمەر ( 93 )

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ....................... ئابدۇكېرىم راخمان (103)

8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ...... ....................... چېن شيۇ، جېلىل (135)

ھىجرىيە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ........ (139)

www.uyghurkitap.com

新疆大学学报　季　刊　一九八二年第二期
（哲学社会科学版）　（总第01期）

# 目　　录

社会主义时期新疆民族高等教育中的几个问题……………………………………许国禄
关于我国现阶段所有制的探讨……………………………………………斯尔哈孜·白先巴衣
一个文明城市居民的观点………………………………………………阿布那思尔·帕拉比
试论维吾尔民族的历史来源……………………………………………吐尔温·阿勒马斯
丝绸之乡——和田…………………………………………………………哈思木·阿尔西
新疆古代语文的发现和研究………………………………………………耿世明
我国古代伟大的爱国诗人——屈原………………………………………阿不来提·马买尔
谈谈维吾尔民间文学和古典文学的关系……………………………阿不都克力木·热合满
八路军驻新疆办事处………………………………………………………陈秀玉·吉力力
回历与公元回历对照表……………………………………………………

# شىنجاڭدا سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىرقانچە مەسىلىلەر

شۈي گولۇ

مىللىي ئالىي مائارىپ ـ مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا پۈتۈن مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ، مىللىي نەزىرىيە، مىللىي سىياسەت، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي تىل ۋە مائارىپ نەزىرىيىسى، مائارىپ فاڭجېنى، مائارىپ تۈزۈمى، مائارىپ سىياسىتى قاتارلىقلار بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي مائارىپ ساھەسىدە مۇھاكىمە قىلىنىشقا تېگىشلىك تېمىلار ناھايىتى كۆپ، مەزمۇنى مول، چېتىشلىق تەرەپلەر ئىنتايىن كەڭ، ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك. بۇ ماقالىدا پەقەت سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مائارىپنىڭ ماھىيىتى، شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىدا مىللىي مائارىپنىڭ ئورنى ۋە رولى، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش، ئوقۇتۇش تىلى ۋە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە دائىر دەسلەپكى بەزى قاراشلىرىم ئۈستىدە توختۇلىمەن.

## سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مائارىپنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا

مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى مىللىي مائارىپنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى مىللىي مائارىپ ماھىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان ئېكسپىلاتاتور سىنىپ دىكتاتورلىقىدىكى قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت، كاپىتالىستىك جەمئىيەتلەرنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا مىللىي مەسىلە دېگىنىمىز، ئاساسلىقى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن مىللىي ئېزىلىش، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە، مىللىي توقۇنۇش، مىللىي ئۇرۇش، مىللىي تالان ـ تاراج ۋە مىللىي ئاسسىمىلياتسىيىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى توغرىسىدا لېنىن مۇنداق دېگەن: «خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئازساندىكىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ مەنبەسى، كۆپچىلىكنىڭ كەمبەغەللىشىشىنىڭ مەنبەسى، كاپىتالىستلارنىڭ بېيىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تالان ـ تاراجلىق ئۇرۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ مەنبەسى.» بۇنىڭدىن، مىللىي ئېزىلىش، بىر مىللەت ئىچىدىكى بارلىق سىنىپلارنىڭ يەنە بىر مىللەت ئىچىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارلىق سىنىپلارنى ئېكسپىلاتسىيە قىلىشنى ئەمەس بەلكى كۆپۈنچە، ئەزگۈچى مىللەت ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپ ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىش، ئېكسپىلاتسىيە قىلىش بىلەن بىرۋاقتتا، يەنە ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەر ئىچىدىكى ئازسانلىق يۇقۇرى قاتلام بىلەن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، شۇ مىللەت ئىچىدىكى ئەمگەكچى خەلقىنىمۇ بىرلىكتە ئېزىدىغانلىقىنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شۇڭا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي ئېزىش، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كۈرەش ماھىيەتتە سىنىپىي كۈرەشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئېكسپىلاتاتورلار مەۋجۇت جەمىيەتتە، مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي كۈرەشتۇر. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان مىللىي ماجىرىسىپ ماھىيەتتە سىنىپىي كۈرەشنىڭ قورالى بولىدۇ.

مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي كۈرەش. لېكىن مىللىي مەسىلە تامامەنلا سىنىپىي كۈرەش بولۇۋەمەيدۇ، چۈنكى، سىنىپىي كۈرەش سىياسىي جەھەتتىكى ئېزىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ھەربىي جەھەتتىكى باستۇرۇشتا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. مىللىي مەسىلە يۇقۇرقى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، تىل - يېزىق، تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، مەدىنىيەت-سەنئەت شەكلى ۋە پسىخىكىلىق تەبىئى خىسلەت قاتارلىقلارمۇ ھەممە مىللەتكە ئورتاق خۇسۇسىيەت. بەزى مەسىلىلەر، مەسىلەن: بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىلمىي تەجرىبە ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان پەننىي بىلىملىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار گەرچە ھېچقانداق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە سىنىپىيلىككە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۈچلۈك ئالاھىدە ھېسسىيات باشقىچە ئېيتقاندا، مىللىي ھېسسىيات سىڭگەن بولىدۇ. بۇخۇسۇسىيەت ۋە مەسىلىلەر چەتتىن كەلگەن بىرەر (ئىچكى قىسىمدىن ئەمەس) كەمسىتىشكە ياكى ھاقارەتلەشكە ئۇچرىسا، كۆپ ھاللاردا شۇ مىللەت ئىچىدىكى بىر ياكى ئىككى سىنىپنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماي، بەلكى، پۈتۈن مىللەتنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. بۇنىڭدىن مىللىي مەسىلىنىڭ چېتىشلىق تەرەپلىرى سىنىپىي كۈرەشكە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى كەڭلىكىنى، خاراكتېرىنىڭمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەگەر مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە، بەزى مەسىلىلەردە مىللىي مەسىلە سىنىپىي كۈرەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، باشقا دەۋر ۋە مەسىلىلەردە مىللىي مەسىلىنىڭ سىنىپىي كۈرەشكە تەئەللۇق بولۇشى ناتايىن. ئىككىنچىدىن، مىللەت بىلەن سىنىپنىڭ كېلىپ چىقىش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش بويىچە ئۆز قانۇنىيىتى بار. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى — ئومۇمەن ئىنسانلارنىڭ ماينۇندىن ئادەمگە ئۆزگىرىشىدىن باشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن. مۇندىن كېيىن سىنىپلار يوقالغان تەقدىردىمۇ، مىللەتلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سىنىپنىڭ مەۋجۇت

بولۇپ تۇرۇشى بولسا، پەقەت ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋاقتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ۋاقتى كۆپ قىسقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېكسپىلاتاتورسىنىپلار مەۋجۇت جەمئىيەتتە، مىللىي مەسىلە ماھىيىتىنىڭ سىنىپىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە مىللىي مەسىلىنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەنە ئىنتايىن مۇھىم پەرقى بارلىقىنى كۆرۈپ يەتكەندىلا، ئاندىن مىللىي مەسىلىدىكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىزبۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: ئېكسپىلاتاتورسىنىپلار مەۋجۇت جەمئىيەتتە، مىللىي مائارىپ ماھىيىتىنىڭ سىنىپىي كۈرەش قورالى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ يەنىلا ئۆزمىللىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى قوغدايدىغان، ئۆزمىللىتىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان، ئۆزمىللىتىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان ۋاستە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك.

بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك بىردۆلەت تەرەققىي قىلىپ سوتسىيالىزم دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا خۇسۇسىلار ئىگىدارچىلىق قىلغاچقا، سىنىپىي زىددىيەت ھەممىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان زىددىيەت ئىدى. شۇڭا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەركەزلىك ھالدا سىنىپىي كۈرەش، مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتىمۇ مۇقەررەر ھالدا سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى بولۇپ ئىپادىلەنگەن ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي ئېزىش تۈزۈمى ئۈزۈل - كېسىل يوقۇتۇلدى، ھەرمىللەت خەلقى ئۆز - ئۆزىگە خوجايىن بولدى، مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتە ۋە قانۇن جەھەتتە تەڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، سىنىپىي زىددىيەت ئاساسلىق زىددىيەت بولۇشتىن قېلىپ، ئوتمۇشتە ئانچە مۇھىم ئورۇندا بولمىغان، تارىخىي سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بەزى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قالاقلىق ھالىتى ۋە مۇشۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك ھەر-قايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىگە توسقۇن بولىدىغان ئاساسىي زىددىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئاساسىي زىددىيەت ھەل قىلىنمىسا، مىللىي بىر تەرەپلىمىلىك، مىللىي ئايرىمىچىلىق ۋە مىللىي سۈركۈلۈشلەرنى ئۈزۈل - كېسىل يوقۇتۇشقا بولمايلا قالماستىن، بەلكى، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمۇ قىيىن بىرئىش بولۇپ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇدەۋردە (سوتسىيا-

www.uyghurkitap.com

لىزىم دەۋرىدە) مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي كۈرەش بولماستىن، بەلكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان تەڭسىزلىكنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، سىنىپىي كۈرەش يوقالدى دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى، سوتسىيالىزىم شارائىتىدا ئېكسپىلاتاتورسىنىپ بىر پۈتۈن سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكەت ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلار، ھەرخىل جىنايەتچىلەر مەۋجۇت، مەملىكەت سىرتىدا بىزگە تېخى ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان دۈشمەنلەر مەۋجۇت. بىز ھەرگىزمۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھەر خىل پۈرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، مىللىي كۈرەش تۈسىنى ئالىدىغان سىنىپىي كۈرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. لېكىن، بىر پۈتۈنلۈكتىن ئېيتقاندا، سىنىپىي كۈرەش ئومۇمەن ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت ئەمەس، چەتنىڭ تاجاۋۇزى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، سىنىپىي كۈرەش پۈتۈن مىللىي مەسىلىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىيالمايدۇ.

قانداق قىلغاندا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگەتكىلى بولىدۇ؟ ئىقتىسات، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى بولىدىكەن، ئۇنداقتا، بۇ تەڭسىزلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتىكى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت تەڭسىزلىكنى يوقىتىشنىڭ شەرت شارائىتىنى ھازىرلاش شەرت. مەملىكىتىمىزدە ئالدى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنى چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي، قانۇنى، سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، پەقەت ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى زور - كۈچ بىلەن تەرەققى قىلدۇرۇشلا ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت تەڭسىزلىكنى يوقىتىشنىڭ تۈپ يولى. ئازات بولغاندىن بۇيانقى 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ھەرمىللەت سىياسىي جەھەتتىن قەد كۆتىرىپ، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولدى، تۇرمۇشى ياخشىلاندى، ئىقتىسات، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلار بولدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، تارىختىن قېلىپ قالغان داغلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك يەنىلا روشەن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بولۇپمۇ لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ توسقۇنلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا تەرەققى قىلىشقا باشلىغان ئىقتىسات، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى نابۇت قىلىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى ئىلغار رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقى تېخىمۇ چوڭايدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى: ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا سەمىمى ساداقەتلىك بىلەن ئۇزاق مۇددەت ياردەم بېرىپ، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سۈرئىتىدىن تېز راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا،

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسات، مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقنى تەدرىجى كىچىكلەيتكىلى، ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى تەدرىجى يوقاتقىلى بولىدۇ.

تارىختىن قالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى يوقىتىش — سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مائارىپنىڭ ماھىيىتى، پورولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ بۇ دەۋردىكى مىللىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى. شۇنداق ئىكەن، مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان مىللىي مائارىپمۇ ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى يوقىتىشنى ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك ۋەزىپىسى قىلىشى لازىم. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىزم دەۋرىدە مىللىي مائارىپنىڭ ماھىيىتى — تارىختىن قالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى يوقىتىشتىن ئىبارەت.

## شىنجاڭ رايونىدا مىللىي ئالىي مائارىپنىڭ ئورنى ۋە رولى مەسىلىسى توغرىسىدا

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان. ئۇ ئەزەلدىنلا ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. بۇ رايوندا، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، مانجۇ، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز، تاجىك، شىبە، داغۇر، رۇس قاتارلىق 13 دىن ئارتۇق مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇيغۇر مىللىتى ئاساسىي گەۋدە ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزۇندىن بۇيان ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە بولۇشى، بولۇپمۇ، خەنزۇ يولداشلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشى، كۆپ قېتىملار چاررۇسسىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەر جەريانىدا ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلاۋى كۈچلەرنىڭ ئىچكى ئازاتلىق ئۇرۇشقا كۈچلۈك ماسلىشىشى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقى پەيدىن - پەي زىچ بىرلىشىپ، مىللەتلەرنىڭ ھايات - ماماتلىقتا تەقدىرداش ئىناق چوڭ ئائىلىسىنى شەكىللەندۈردى.

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق ياكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار ئىقتىسات - مەدەنىيەتتە بىر قەدەر ئارقىدا قالغان، ئازاتلىقتىن كېيىنكى 31 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، خەنزۇ خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى، رەڭلىك مېتال سانائىتى، ئېلېكتىر سانائىتى، ئېلېكترون سانائىتى، كومۇر سانائىتى، نېفىت سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سانائىتى، ئورمانچىلىق سانائىتى، يېمەك - ئىچمەك سانائىتى، توقۇمىچىلىق سانائىتى، خۇرۇم سانائىتى، قەغەزچىلىك سانائىتى ۋە باشقا سانائەتلەرنى يوقلىقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ قۇرۇپ چىقتى. 1949 - يىلى سانائەت ۋە دېھقانچىلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 19.2% بولغان بولسا، 1978 - يىلى 55.9% گە يەتتى. لېكىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىلغار رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا ناھايىتى زور.

شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تىل - يېزىقى بار. ئۇلار مەزمۇنغا باي، كۆپ شەكىللىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، ناخشا - ئۇسۇلغا ماھىرلىقى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر. لېكىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان كىلاسسىك تارىخى ئەسەرلەر كۆپ ئەمەس، پەن - تېخنىكىدا ئارقىدا قالغان بولۇپ، مائارىپمۇ تەرەققى قىلالمىغان. ئازاتلىقتىن كېيىنكى 31 يىلدىن بۇيان ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار كۆرسۈتۈش ئارقىلىق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن قالاقلىق قىياپەت يەنىلا تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتمىدى. ئالىي مائارىپنى ئالساق، 1949 - يىلى شىنجاڭدا بىرلا ئالىي مەكتەپ بار ئىدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 319 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 185 نەپەر ئىدى. 1979-يىلى ئالىي مەكتەپلەر 10 غا يەتتى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 11393 نەپەر بولۇپ، 1949 - يىلدىكى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىغا سېلىشتۇرغاندا 30.06 ھەسسە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار سانى 5125 نەپەر بولۇپ، 1949 - يىلدىكى مەكتەپتىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلار سانىغا سېلىشتۇرغاندا 27.7 ھەسسە كۆپەيدى. بۇنى يۇقۇرى سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلغانلىق، نەتىجە ناھايىتى زوردېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ پۇتلىكاشىڭى ۋە بۇزغۇنچىلىقى بولمىغان بولسا، ئەھۋال تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. لېكىن بۇنداق سۈرئەت ۋە بۇنداق كۆلەم شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىلغار رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئارقىدا قالغان. يېقىن خوشنا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ ئارقىدا قالغان. 1979- يىلى شىنجاڭدا ھەر ئون مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئاران 4.9 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغان بولسا، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ھەر ئون مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئايرىم ھالدا 157 نەپەر، 174 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغان.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى شالاڭ ھەم ئاز، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. شىنجاڭنىڭ ئومۇمى يەر كۆلىمى بىر مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇ مەملىكەت بويىچە يەركۆلىمى ئەڭ چوڭ ئۆلكە، لېكىن ئاھالىسى ئاران 12 مىليون بولۇپ، مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 1.26% نى تەشكىل قىلىدۇ.

رايونىمىزدا هازىر 65 مىليون مو بوز يەر بار. ئۇ ئومۇمى يەركولىمىنىڭ 2.67 % نى تەشكىل قىلىدۇ. هازىر بار تېرىلغۇ يەركولىمى 48 مىليون مو بولۇپ، ئومۇمى يەركولىمىنىڭ ئازان 1.93% نىلا تەشكىل قىلىدۇ، هەربىر نوپۇسقا 3.82 مو يەر توغرا كېلىپ، ئوتتۇرا هىساپ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىغا توغرا كېلىدىغان 1.05 موغا سېلىشتۇرغاندا، بىر يېرىم هەسسە يۇقۇرى. يەنە 300 مىليون مو بوز يەر بايلىقى بار، بۇنىڭغا دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولىدىغان تەبىئى ئوتلاقلار، ئورمانزارلىق، كوللەر، مۇزبەلۋاغلىرىنى قوشقاندا، ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ 38.4 % نى تەشكىل قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، شىنجاڭنىڭ يەر - يۈزىدىكى سۈيىنىڭ ئومۇمى ئېقىمى 88 مىليارت 142 مىليون بىر يۈز مىڭ كۇپ مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئومۇمى ساقلىنىش مىقدارى تەخمىنەن 20 - 22 مىليارت كۇپ مېتىر، بۇنىڭدىن كۆرۈش مۇمكىنكى، شىنجاڭ دىخانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا يەر ۋە سۇ بايلىقى جەهەتتىن ئىنتايىن زور ئەۋزەللىككە ئىگە. شىنجاڭدا بۇغداي، كۆممەقوناق، گۈرۈچ قاتارلىق ئاشلىق ۋە مايلىق دان زىرائەتلىرى ناهايىتى كوپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ نۇر ۋە ئىسسىقلىق قاتارلىق تەبىئى شەرت - شارائىتى ئېلىمىزنىڭ كىۋەز، قىزىلچا، ئۈزۈم، تاۋۇز ۋە قوغۇن بازىسى قىلىشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق. چارۋىچىلىقنى تەرەققى قىلدۇرۇش شەرت - شارائىتىمۇ ناهايىتى ياخشى بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە بەش چوڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ئومۇمى ئوتلاق مەيدانى تەخمىنەن بىرمىليارت 200 مىليون مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق مەيدانى تەخمىنەن 760 مىليون موغا يېتىدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق مەيدانىنىڭ 25 % نى تەشكىل قىلىدۇ. رايونىمىزنىڭ كان بايلىقىمۇ ئىنتايىن مول، هازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، رايونىمىزدا تومۈر، مانگان، خۇرۇم، ۋانادى، تىتان، ئالتۇن، مىس، سىنىك، قوغۇشۇن، ئاليۇمىن، مولىبدىن، نىكىل، نىوبى، تانتال، بىرىللى، لىتى، گۈڭگۈرت، فوسفور، تۇزكان، ناترى، ئاق سىلودا، تاش پاختا، گىپىس، كومۇر، مايلىق سلانىس، مىرابىلىت، نېفىت قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ناهايىتى يۇقۇرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. بەزى كان بايلىقلىرىنىڭ زاپىسى ناهايىتى مول بولۇپ، رايونىمىزنىڭ زامانىۋىلاشقان سانائىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مول بايلىق مەنبە بىلەن تەمىنلەش شەرت - شارائىتى بار.

يۇقۇرقى پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلايدىكى، ئازاتلىقتىن كېيىنكى 31 يىل ئىچىدە شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ رەهبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا چاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، شۇنىڭدەك سوتسىيالىزىم ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مول مەنبەلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىچكىرىدىكى ئىلغار رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنىلا زور، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن. ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەمىلىيەتتىكى تەڭسىزلىك يەنىلا روشەن مەۋجۇت. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە ئوخشاش 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەمىلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى يوقىتىپ، خەلقىنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەپ، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، سوتسىيالىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى قوشۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يېڭى دەۋردىكى بۇ تارىخي ۋەزىپە ئالدىدا، شىنجاڭ مىللىي ئالىي مائارىپىنىڭ ۋەزىپىسى يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەرخىل ئىختىساسلىق خادىملار ۋە باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. بۇ — ۋاقىتلىق تەدبىر بولماستىن، بەلكى، تۈپ خاراكتېرلىك ئىستىراتىگىيىلىك تەدبىر. ئۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمىلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى يوقىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا تۇرغۇزۇش - تۇرغۇزالماسلىقتا ۋە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىقتا ئالاقىدار زور مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئالىي مائارىپ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمىلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. خۇددى يولداش دىڭ شاۋپىڭ كۆرسەتكىنىدەك: 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىلىم پەن — ھالقا، مائارىپ — ئاساس. ھەرخىل يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملار ۋە باشقۇرۇش كادىرلىرى بولمىسا، چوڭ گەپ، قۇرۇق گەپ سېتىشقا يۆلىنىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ھالبۇكى، شىنجاڭ مىللىي ئالىي مائارىپى يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك بىرقەدەر ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك رولى بىلەن تۇتقان ئورنى بىر-بىرىگە ماس ئەمەس. جىددى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرقاتار مەسىلىلەر مەۋجۇت. بىرقانچە مىسال ئالايلى: بىرىنچى مىسال، ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى ۋە سۈرئىتى جەھەتتە، پۈتۈن مەملىكەت ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سۈرئىتىدىن يۇقۇرى تۇرۇش، تارىختىن قالغان ئەمىلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىشكە ياخشى شەرت - شارائىت يارىتىشى لازىم ئىدى. ۋاھالەنكى، ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. ئەگەر بۇخىل ئەھۋال بۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىپ كېتىۋەرسە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمىلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى قانداق يوقاتقىلى بولسۇن؟

ئىككىنچى مىسال، شىنجاڭنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرى ئەسلىدە پىلانلىق نىسبەت بويىچە تەرەققى قىلىشى، يېتىشتۈرۈپ چىققان مەخسۇس ئىختىساسلىق خادىملار ۋە باشقۇرۇش كادىرلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە سوتسىيالىزمنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى، ھەر ساھەدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ

ئاۋانگارت قىسمى بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق بولمىدى، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئالىي مائارىپ ئىشلىرىدا بىرقەدەر ئىلمىي، بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان ئەزەلدىن بولۇپ باقمىدى. ئىسسىق شامال سوققاندا، بەزى كىشىلەرنىڭ كاللىسى قىزىپ كېتىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا كەڭ تۇتۇش قىلىپ، تېز ئىلگىرىلەپ ھەر خىل - ھەر تىپتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى ئىستىدى. سوغاق شامال سوققاندا، بەزى كىشىلەرنىڭ قەلبى مۇزلاپ كېتىپ، كەڭ دائىرىدە قىرقىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەسلىدىلا ئاساسى ۋۇجۇدقا كېلىپ يېتىشتۈرۈۋېتىپلا قالماستىن، يەنە ناھايىتى ئوبدان باشقۇرۇلۇۋاتقان ئالىي مەكتەپلەر ۋە مەخسۇس تەسىس قىلىنغان كەسىپلەرنىمۇ تاقىۋەتتى، قايتا - قايتا تىكىپ - سوكۇپ، چوڭ ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزدى. شىنجاڭنىڭ مىللىي ئالىي مائارىپىنى باشقا قۇرۇلۇش سەپلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەزەلدىن چولاق بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەگەر نىسبەت بۇزۇلدى دېيىلسە، ئەڭ چوڭ نىسبەت بۇزۇلۇشى مىللىي ئالىي مائارىپنىڭ ئىلگىرىلىيەلمەسلىكىدە، باشقا قۇرۇلۇش سەپلىرىنى ئارقىدا سۆرىگەنلىكىدە بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى مىسال، شىنجاڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىدا، دائىم شىنجاڭنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە سەل قارىلىپ كەلدى. بەزىدە ئىچكىرىدىكى خەنزۇلار رايونىدىكى نەرسىلەر زورمۇ - زورلۇقچە كۆچۈرۈپ كېلىندى، يەنە بەزىدە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا بەزى ئورتاقلىقلا ئىگە نەرسىلەر چەتكە قېقىلىپ، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ كاتېگورىيىسى نامۇۋاپىق ھالدا كېڭەيتىۋېتىلدى، ئەسلىدە مىللىي ئالاھىدىلىك كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدىغان نەرسىلەر مىللىي ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىندى. ئەمەلىيەتتە، مىللىي ئالاھىدىلىكمۇ گەۋدىلەندۈرۈلمىدى. شۇ مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلالمىدى.

ئەلۋەتتە، ساقلانغان مەسىلىلەر ئازئەمەس، يۇقۇرىدا ئۈچلا مىسال ئاددىيلا كۆرسىتىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ـــ شىنجاڭ مىللىي ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلالمىغانلىقىنى ئىنزاھلاشتىن، كىشىلەرنىڭ مىللىي ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان يۇقۇرى دەرىجىدىكى دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاشتىن، ئۇنى تېگىشلىك ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىشتىن، شۇنىڭ بىلەن ھازىر ساقلىنىۋاتقان قالاقلىق ھالەتنى پەيدىن - پەي ئۆزگەرتىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنى رازى قىلىشتىن ئىبارەت.

## شىنجاڭ مىللىي رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

ھازىر شىنجاڭدا بىر ئۇنىۋېرسال داشۆ، 3 يېزا ئىگىلىك شۆيۈەن، بىر سانائەت شۆيۈەن، ئىككى مېدىتسىنا شۆيۈەنى، بىر مالىيە - ئىقتىسات شۆيۈەنى، 4

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىغەن شۇيېۋەن بولۇپ جەمئى 12 ئالى مەكتەپ بار . ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ كولەمى كىچىك ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى پەقەتلا ئون مىڭ ئەتراپىدا . ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى كۈچلۈك ئەمەس . مەكتەپلەرنىڭ شەرت - شارائىتى بىر قەدەر ناچار . بۇ مەكتەپلەر ھەم مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ھەم خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ . بەزى مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 50 % دىن سەل يۇقۇرىراق ،كوپ ساندىكى مەكتەپلەردە تېخى بۇ نىسبەتكە يەتمەيدۇ . مەكتەپ باشقۇرۇشتا ، مىللىي ۋە خەنزۇلار ئارىلاش بولۇش، مىللىي ۋە خەنزۇ سىنىپلارنى ئايرىپ دەرس ئوتۇش شەكلى قوللىنىلماقتا . تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، ھازىر ئىجتىمائىي پەن ، تەبىئىي پەن ، سانائەت پەنلىرى، دىخانچىلىق ، مېدىتسىنا، سىغەن مەكتەپلىرىدە 40 تىن ئارتۇق كەسىپ تەسىس قىلىنغان . بۇ ئاساسىي ئەھۋال بىزگە مۇنۇلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ : بىرىنچىدىن ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بەك ئاز ، بەزى مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى خېلى تۆۋەن ؛ ئىككىنچىدىن، ھازىر تەسىس قىلىنغان كەسىپلەرنىڭ بىلىنگى يوق، پۇتى قىسقا، ئۇستىبما بولالمىغان ۋە نىسبەت ھاسىل قىلالمىغان ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئىلىم-پەننى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلدۇرۇش قانۇنىيىتىگە، يۇقۇرى دەرىجىدىكى بولۇنۇش ۋە يۇقۇرى دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . بۇ خىل ئېغىر مەسىلىلەر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىشكە ۋە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ سۈرئىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇپ تۇرماقتا . شۇنىڭ ئۈچۈن ئالى مائارىپ قۇرۇلمىسىنى « 8 خەتلىك فاڭجېن» روھى بويىچە ئىسلاھ قىلىش زورۇر. بۇنىڭدا ئالى مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلىشىشىنى مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم ، بۇنىڭدا كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۇنى تەرتىپكە سېلىش يادرولۇق مەسىلە .

شىنجاڭدىكى ئالى مەكتەپلەرنىڭ كەسىپلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە تەڭشەشتە بىرىنچىدىن ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق ياكى ئېھتىياجسىز ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم . شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ چەت چېگراسىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى ئىلغار ئورۇنلاردىن يىراقتا تۇرىدۇ . قاتناش ئىشلىرى ئىنتايىن قولايسىز . شۇڭا ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئۆز - ئۆزىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەمىنلەيدىغان بىر قەدەر مۇكەممەل زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي سىستېمىنى بەرپا قىلىش زورۇر ۋە ئۇنىڭ شەرت - شارائىتىمۇ بار . ئۇنىڭ ئۈچۈن زورۇر بولغان ھەرخىل مەخسۇس ئىختىساسلىق خادىملار ۋە باشقۇرۇش كادىرلىرىمۇ بىر قەدەر تولۇق. بۇ مەخسۇس ئىختىساسلىق خادىملار بىلەن باشقۇرۇش كادىرلىرىنى بولۇپمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان مەخسۇس ئىختىساسلىق خادىملار بىلەن باشقۇرۇش كادىرلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىشكە ئۈمىت كۈتۈشتىن بولمايدۇ . ئەڭ ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ ئۆزى تەربىيىلىشى زورۇر . لېكىن شىنجاڭنىڭ نوپۇسى كوپ بولمىغانلىقى ، مالىيە كۈچى

چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبلىك مۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ھەرخىل قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى چوڭ بولماسلىقى، بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق مەخسۇس خادىملارنىڭ گەرچە تۈرلىرى كۆپرەك بولسىمۇ، سانى ئازراق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسپلىرىنى تەسىس قىلغاندا ۋە تەڭشىگەندە يۇقۇرقى ئامىلنى ئويلىنىش زۆرۈر. بۇنىڭغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمىغاندا، ياكى كىچىك بولسىمۇ تولۇق بولۇشى ۋە ياكى بىلىگى يوق، پۈتى قىسقا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ياخشى ئىشلەنمىسە، شىنجاڭنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرى يېرىم - ياتا بولۇپ قېلىپ، دۆلەتكە ۋە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە زىيانلارنى ۋە ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىكى ئىسراپچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بىر قەدەر ئۈنۈملۈك بولغان تەدبىر كەسپلەرنى كەڭرەك باشقۇرۇش، ئاساسىي دەرسلەر ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش، ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش شۇنىڭ بىلەن بىللە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللاپ ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنى كۆپرەك تەسىس قىلىش، بۇ ئارقىلىق ھەر خىل قۇرۇلۇشلارنىڭ مەخسۇس خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچىدىن، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسپلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە تەڭشەشتە، پەن - تېخنىكىنى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇش قانۇنىيىتىگە ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى بۆلۈنۈش ۋە ئومۇملىشىش قانۇنىيىتىگە ماسلىشىشنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئېنگېلس بۇرۇنلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى سۈرئىتىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەننى بىلىملەر ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، گېئومېترىك پىروگرېسسىيىلىك سانىنىڭ ئېشىش قانۇنى بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ. ھازىرقى زامان پەن تەرەققىياتىدا، ئىلمىي ماقالىلاردىكى، كەشپىيات - ئىختىرالاردىكى، ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى قاتارلىقلاردىكى ئىستاتىستىكىلانغان سانلىق مەلۇماتلار بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ھازىر، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمى گېئومېترىك پىروگرېسسىيە سانى بويىچە ئۆسۈپ بارماقتا. دۇنيا بىلىمىنىڭ ئومۇمىي ھەجمى ھەر 7 يىلدىن 10 يىل ئارىلىقىدا بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئۆسمەكتە. تەبىئىي پەننىڭ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، پەن بىلىملىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە توپلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ كونىراش سۈرئىتىنىمۇ تېزلەشتۈردى. بەزى سانائەت تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە، 70 - يىللاردا بىلىمنىڭ كونىراش سۈرئىتى 40 - يىللارغا سېلىشتۇرغاندا، بىر ھەسسىدىن تېز بولغان. بەزى ئالىملار مۇنداق دەپ كۆرسەتتى. ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇلۇۋاتقان كەسپىي دەرسلەر (ئاساسىي دەرسلەر ئەمەس) نىڭ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېرىمىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، ئون يىلدىن كېيىن پۈتۈنلەي ۋاقتى ئۆتكەن بولىدۇ. گەرچە بۇنىڭ شۇنچە توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم - پەن بىلىملىرىنىڭ توپلىنىشى بىلەن كېرەكسىزلىنىش جەريانى ھەقىقەتەن بارغانسېرى ناھايىتى تېز بولماقتا. ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر يۈزلىنىش—يۈك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەك دەرىجىدىكى بولۇنۇش ۋە يۇكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بوا ماقتا، ئىلمىي تەجرىبە پائالىيەتلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى پەنلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى تارماق پەنلەرگە بولۇنۇش بولدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، پەندىكى بۇخىل بولۇنۇش خېلىلا ئىنچىكە بولۇنۇشكە يېرىپ يەتكەن ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن پەن ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىپ، پەندىكى بولۇنۇش تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ھەر قايىسى پەنلەر ئارىسىدا ھەم بىر-بىرىگە كىرەلىشىپ كېتىدىغان ھەم بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال مەيدانغا كەلدى. تەبىئى پەنلەر، سانائەت پەنلىرى، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى، مېدىتسىنا پەنلىرى بىر - بىرىگە كىرەلىشىپ كەتتى. ھاياتلىق ئىلمى، مۇھىت ئىلمى، ھېساپلاش ماشىنىسى ئىلمى، ئېلېكترون ئىلمى، ماتېرىيال ئىلمى قاتارلىق پەنلەردە ئومۇملاشتۇرۇش ئىنتايىن چوڭ بولدى. ئەزەلدىن ئىككى قۇتۇپ ھېساپلىنىپ كەلگەن ئىجتىمائى پەن بىلەن تەبىئى پەنلەرمۇ ئۆز ئارا سىڭىشىپ بارماقتا. بۇلار ھازىرقى زامان ئىلىم - پەندىكى مۇھىم خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە بۇ خىل يۇزلىنىش — تېخنىكا ئىقتىسات ئىلمى، قۇرۇلۇش ئىقتىسات ئىلمى، قۇرۇلۇش پىسخولوگىيە ئىلمى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ روشەن كورۇلمەكتە. شۇنىڭ ئۇچۇن شىنجاڭدىكى ئالى مەكتەپلەرمۇ ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ مەزمۇنىنى يېڭىلاشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىۋېرسال كەسىپلەرنى تەسىس قىلىشقا ئاكتىپلىق بىلەن شەرت - شارائىت يارىتىشى لازىم. بۇ كەسىپلەر ئالاقىدار بولغان پەنلەرنىڭ دائىرىسى كەڭرەك بولغانلىقى، ئونىۋېرسال داشۇلەردىكى پەن تۇرلىرى بىر قەدەر تولۇق بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىۋېرسال بولغان كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش — تەبىئى ئونىۋېرسال داشۇلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. شىنجاڭ داشۇي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تەدرىجى ھالدا ئىقتىسادىي باشقۇرۇش كەسپى، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى كەسپى، سىمسىز رادىو ئېلېكترولكا كەسپى، ماتېرىيال ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش كەسپى، خىمىيە ۋە قۇرۇلۇش كەسپى، بىيو - خىمىيە كەسپى ۋە گىدرو - گېئولوگىيە ۋە قۇرۇلۇش گېئولوگىيسى كەسىپلىرىنى تەسىس قىلىش لازىم، ئەلۋەتتە. بۇ كەسىپلەر پەن - تېخنىكىنىڭ تېز سۇرئەت بىلەن راۋاجلىنىش قانۇنىغا، يۇكسەك دەرىجىدىكى بولۇنۇش بىلەن يۇكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. تەربىيلىنىپ چىققان ئوقۇغۇچىلارمۇ شىنجاڭنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كام بولسا بولمايدىغان خادىملاردىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئۇچىنچىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى گەۋدە قىلغان ھالدا كوپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. شىنجاڭدىكى ئالى مەكتەپلەرنىڭ كەسىپلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە تەڭشەشتە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قانداق ماسلىشىش مەسىلىسىنىمۇ ئويلىنىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنى مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇش شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۇچەيتىش مەقسىدىگە يېتىش كېرەك. بولۇپمۇ ئىجتىمائى پەنلەر بويىچە ئۇنىۋېرسال داشۇ

لەر ۋە سىفەن شۆيۈەنلىرى بۇ ھەقتە تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى يارىتىشى لازىم.

يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتا شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە تەڭشەشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. تەڭشەش مەركەز قىلىنغان "4 سۆزلۈك فاڭجېن"نى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا، ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئاسان ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

4) شىنجاڭ مىللىي رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تىلى توغرىسىدا:

شىنجاڭدا 13 مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، 11 خىل تىل يېزىق بار. خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇلار خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىزلار تۈرك تىل سىستېمىسىدا بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاز-تولا پەرقلەر بار، موڭغۇل تىلى، داغۇر تىلى موڭغۇل تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. شىبە تىلى تۇنگۇس تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. تاجىك تىلى ئىران تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. رۇس تىلى سلاۋيان تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قوللىنىدىغان تىل-يېزىقلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ. لېكىن، ئادەتتە ئومۇمیۈزلۈك قوللىنىدىغىنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىل-يېزىغىدىنلا ئىبارەت. شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپلەردىكى بەزى مىللىي ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ تىل-يېزىغى بىلەن، بەزىلىرى ئۇيغۇر تىل-يېزىغى بىلەن دەرس ئاڭلايدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى بولۇپ، تامامەن بىردەك قىلىش قىيىن.

شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە خەنزۇ تىل-يېزىغى بىلەن ئوقۇتۇشنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئارتۇقچىلىقى: ئوقۇغۇچىلارنى يېتەرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بىلەن، مەزمۇنغا باي پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تولۇق تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ؛ بولۇپمۇ، مىللىي ئوقۇتقۇچىلار يېتىشمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇشۇ يول مېڭىشقا بولىدىغان بىردىن-بىر يول؛ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يالغۇز ئاساسىي نەزەرىيە، كەسپىي بىلىملەرنى ئىگەللەپلا قالماستىن، بەلكى، خەنزۇ تىل-يېزىغىنىمۇ ئىگەللىۋالىدۇ-دە، ئۆزلۈكىدىن داۋاملىق ئۆگىنىپ، بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بىلىمىنى يېڭىلاشقا پايدىلىق. لېكىن ئۇزۇن مۇددەت خەنزۇ تىلىنى قوللانغاندا، ئۆز ئانا تىلىغا خام بولۇپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ھال ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەت ئورنىغا بارغاندا پايدىسىز. يەنە كېلىپ تىل - ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قىلىش قورالى ۋە بىر مىللەتنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. تارىختىن قارىغاندا، بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. شۇڭا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالامىتى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەر بىر مىللەت ھامان ئۆز مىللىتىنىڭ تىل يېزىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭغا كۈچلۈك مۇھەببەت باغلاپ ئۇنى شۇ مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ مىللەتنىڭ مۇھىم بولغان ئورتاق گەۋدىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەيدۇ. مەلۇم بىر مىل-

www.uyghurkitap.com

لى تىل - يېزىقىنىڭ گۈللىنىشى ياكى هالاك بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ ئورتاق ئىستىقبالىنى تەۋرەتمەيدىغان بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەردە ئۇزۇن مۇددەت خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەنلا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىپ، شۇ بىر مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، ھازىرقى سوتسىيالىزىم باسقۇچىدا مۇۋاپىق بولمايدۇ.

ئەكسىچە، ئەگەر شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە يالغۇز ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئارتۇقچىلىقى: مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن پىكىر قىلالايدۇ. دەرسلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئاسان ھەم توغرا چۈشىنەلەيدۇ؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ئۈگۈشلۈق ھالدا خىزمەت قىلالايدۇ. بولۇپمۇ ئوتتۇرا مائارىپ، قانۇنشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى قوللانمىسا بولمايدۇ. لېكىن مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئىنتايىن كەمچىل، نۇرغۇن پەنلەرنىڭ مەزمۇنلىرى بىلەن تونۇشمىغان، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلىرى تېخى ئاساسىي جەھەتتىن ئاشكارە نەشر قىلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىر قىسىم دەرسلەرنى خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن ئۆتمىگەندە ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتىرىش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن كونا دەسمايىسىنىلا يەپ يېتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۆز بىلىمىنى تولۇقلاش، يېڭىلاشقا توسقۇن بولۇپ قالىدۇ.

شىنجاڭ داشۆيىنىڭ ھازىر مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر، خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشتىن مەقسىدى، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل تىل - يېزىقنى ئىگەللىگەن مەخسۇس خادىملار قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ توغرا يول بولۇشى ئېھتىمال.

## مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا

مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش — مىللىي مائارىپنى تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ ھالقىسى. سانسىزلىغان پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، بىر ئەۋلات كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ناھايىتى كەڭ مەنادىن ئېيتقاندا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. ئالىي مەكتەپلەردە يۇقۇرى سەۋىيىلىك، باشقىلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئۇستاز بولالايدىغان مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولمىسا، يۇقۇرى سۈپەتلىك ئالىي مائارىپنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە پارتىيىنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يېتىشتۈرۈلۈپ، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا قىممەتلىك تۆھپىلىرىنى قوشتى.

لېكىن، دۆلەتنىڭ تەلىۋىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مەيلى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، ئەمەلىي ئېھتىياجغا ماسلىشىشتىن تېخى يىراق. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۈستۈرۈشتە، ھالقا— يەنىلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈستۈرۈشتە، شۇنداقلا يەنە، ھالقىنىڭ مۇھىم ھالقىسى يۇقۇرى سۈپەتلىك مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشتە.

قانداق قىلغاندا، ئەمەلىي ئېھتىياجغا ماسلىشالايدىغان يۇقۇرى سۈپەتلىك مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ؟

بىرىنچىدىن، بىر قەدەر توغرا، بىرلىككە كەلگەن ئىدىيىۋى تونۇش بولۇشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان يولداشلارغا قارىتا ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ خەنزۇ، چاۋشەن مىللىتى قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بەلگىلىك پەرقىنىڭ بارلىقىنى ئاگاھلىق تونۇش لازىم. بۇنىڭدىن مەقسەت بۇ پەرقنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. بىر تارىختىن قالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى ئېتىراپ قىلغانغا ئوخشاش بۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن مەقسەتمۇ ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈندۇر، بۇنىڭدىن باشقا غەرەزنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت مۇشۇنداق ئاساسىي تونۇشقا ئىگە بولغاندىلا، ئۆز مىللىتى، خەلقىنىڭ ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىش، پەننىڭ يۇقۇرى پەللىسىگە باتۇرلۇق بىلەن ئۆرلەش روھىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق ئاساسىي تونۇشقا ئىگە بولغاندىلا، مەملىكىتىمىز ئۇزۇن مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى سەۋەبلىك ئاسان كېلىپ چىقىدىغان مەنمەنلىك، بىر ئىزدا تۇرۇپ قېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغان ئىدىيىۋى خاھىشنى تۈگىتىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ بىر قەدەر ئىلغار پەننىي، مەدەنىي بىلىملىرىنى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلغىلى بولىدۇ. يەنە پەقەت مۇشۇ ئاساسىي تونۇشقا ئىگە بولغاندىلا، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتكىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

خەنزۇ يولداشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئاگاھلىق ھالدا پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقۇرى كۆتۈرۈلىشىگە، بىر ئەۋلات يۇقۇرى سەۋىيىلىك زىيالىيلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ياردەم بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەمتەرلىك بىلەن ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان يولداشلاردىن ئۆگىنىشى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئەنئەنىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەن-مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشتە چوقۇم ئۇزۇن مۇددەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىك پىلان بولۇشى لازىم. ھەرخىل پەنلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، پروفېسسورلىرىنى تەربىيىلەش ھەرگىزمۇ 3 - 5 يىل ئىچىدە ئورۇنداپ كەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. كونىلاردا «ئون يىلدا دەرەخ، يۈز يىلدا ئادەم يېتىشىدۇ» دىگەن تەمسىل بار. شۇڭا شىنجاڭدىكى ئالى مەكتەپلەرنىڭ مىللىي ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان بولۇشى زورۇر. ئومۇمەن ئېيتقاندا ھەر قايسى ئالى مەكتەپ ئۆزىنىڭ كۆلىمى، تەرەققىيات سۈرئىتى، كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتات كومىتېتىنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ئىشتات نىسبەت سانىغا ئاساسەن 5 يىللىق، 10 يىللىق پىلانلىرىنى تۈزۈشى كېرەك، بۇنىڭدا، ئاساسىي پەنلەر ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پەنلەر ساھەسىدىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك. ئىشتات سىرتىدا بەلگۈلۈك سان بېرىلىشى، ئۇنى تەكشەپ ئىشلىتىشكە يول قويۇلۇشى لازىم. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەزى ئالى مەكتەپلەرنىڭ ۋە تەسىس قىلىنىدىغان كەسىپلىرى، تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە كۆلىمى بېكىتىلمىدى ۋە ياكى ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان لايىھەلىرى تۈزۈلمىدى. بۇ ھال مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ۋە رەھبەرلىكىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىشى لازىم.

يۇقۇرقى ئىككى مەسىلە ئۆز ۋاقتىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىنىسىلا، مىللىي ئوقۇتقۇچلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ناھايىتى كۆپ. شىنجاڭ داشۆيىنىلا مىسالغا ئالساق، بۇ مەكتەپتە، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپىدە پەقەت 7 نەپەرلا مىللىي ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. 31 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي ئوقۇتقۇچىلار 258 نەپەرگە يېتىپ پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار سانىنىڭ 41.15% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دوتسېنتلار 11 نەپەر، لېكتورلار 142 نەپەر. شىنجاڭ داشۆيىنىڭ بۇ خۇسۇستا ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەر ئىشلىگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. بۇ مەكتەپ مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشتە تۆۋەندىكى بىر قانچە چارە-تەدبىرلەرنى قوللاندى:

1. خىزمەتتىن ئايرىپ بىلىم ئاشۇرۇش: خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىدىن ئاساسەن ئۆتكەن مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى بىر ياكى ئىككى يىل خىزمەتتىن ئايرىپ، ئوقۇتۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئالى مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ، بىر قانچە خىل ئاساسىي پەنلەردە بىلىمىنى ئاشۇرۇش. بۇ ئارقىلىق مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى يۇقۇرى كۆتىرىلىپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇلار ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئالى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋە خىزمەت تەجرىبىلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى.

2. مەكتەپتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ، ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئالى مەكتەپلەرنىڭ ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىشىگە ئەۋەتىش. ئۇلار ئۆگىنىش جەريانىدا، يەنىلا ئوقۇغۇچىلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇ

چىلىق قىلمدۇ .

3 . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن يۇقۇرى يىللىق سىنىپلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ، پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەدرىجى يېتىلدۈرۈش ، بۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاش .

4 . خىزمەتتىن ئايرىلماي تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇش. مەكتەپ ئىچىدە بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانسا ، يەنە بىر تەرەپتىن بىلىم ئاشۇرۇش . بۇرۇن ئۇلارغا خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش دەرسى ئۆتۈپ بەرگەن بولسا ، ھازىر شەرت - شارائىتى بار، كەسپىي سەۋىيىسى يۇقۇرى مىللىي ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش دەرسلىرىنى ئۆتمەكتە . مىللىي ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇپلا قالماي ، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار چەت تىل مەسىلەن : ئىنگلىز تىلى ، رۇس تىلى ، ياپون تىلى ، تۈرك تىلى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگەنمەكتە ، مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەندى . بۇ خىل ئۇسۇللار مۇندىن كېيىنمۇ كام بولسا بولمايدۇ .

5 . ئىچكى ئولكىلەردىن مۇتەخەسسىلەر، پروفېسسورلارنى تەكلىپ قىلىپ، قىسقا مۇددەتلىك دەرس ئۆتكۈزۈش . بىر مەۋسۇم ياكى بىر يىل ئىچىدە بىر دەرسنى ئۆتۈپ بېرىش ، بۇ خىل شەكىلنىڭ ياخشىلىقى: بىرىنچىدىن ، بىرلا ئادەمنى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىر تۈركۈمنى تەربىيىلەشكە بولىدۇ، نەپ ئالىدىغان كىشىلەر كۆپ بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىلىم ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، بۇ ئارقىلىق بەزى پەنلەردە دۆلەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە ئومۇمەن يېتىشىۋالغىلى بولىدۇ .

يۇقۇرقى چارە - تەدبىرلەر شىنجاڭ داشۆيدە خېلى ئۈنۈم بەردى. ئاپتونوم رايوندىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرنىڭمۇ بۇ ھەقتە ياخشى چارە - ئۇسۇللىرى بار. ئومۇمەن رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قەدەر توغرا بىرلىككە كەلگەن تونۇشقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانغا ئىگە بولۇپ، پىلانلىق تۈردە كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل يوللار بىلەن تەربىيىلەيدىغانلا بولسا، چوقۇم ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

× × ×

„ ياش ئوت كويىماس ،

يەلافەر ئولماس “

[ ياش گىيا (يول ئوت) غا ئوت تۇتاشمايدۇ، ئەلچىگە ئولۇم كەلمەيدۇ] .

« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » 3 - تومدىن.

تۇغقۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى مۈلۈكچىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە

سىرغازى بەشەمباي

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگەللىگەن ئەھۋال ئاستىدا، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكىللىرى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكىللىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى توغرا تونۇش، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشكە توغرا مۇئامىلە قىلىش، بۇ ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە سوتسىيالىزمنى قۇرۇشقا ئالاقىدار زور مەسىلە.

1956 - يىلى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك جەھەتتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلىنىپ، ئومۇمىخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى كوپېراتىپ ئىگىلىكى تىكلەندى. 1958 - يىلى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى يەنە تەرەققىي قىلىپ يېزا خەلق گۇڭشېلىرىغا ئايلاندى. 1967 - يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى مۇقىم ئۆسۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئايلاندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك شەكلى ئورنىتىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە ئاساس سېلىندى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلۇغ بىر غەلىبە، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈر، ھەرگىز يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، مۈلۈكچىلىكنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، بىر قاتار «سول» چىل خاتالىقمۇ سادىر بولدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىش قانۇنىنىڭ تەلىۋىگە خىلاپلىق قىلىندى. يەنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ رولىغا سەل قارىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئەكس رولى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا تەكىتلەندى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رېئال تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئايرىلغان ھالدا مۈلۈكچىلىك جەھەتتە، چوڭ ۋە ئومۇمىي بولۇش قوغلىشىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ كۆلىمى قانچە چوڭ بولسا، شۇنچە ياخشى؛ ئومۇمىيلىشىش دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا، شۇنچە ياخشى دەپ قارالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ سولچىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۈلۈكچىلىك-

نى ئۆزگەرتىشنىڭ قەدىمى بەك تېز بولۇپ كېتىپ، ئەسلىدە 15 يىلدا ئورۇنلىماقچى بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى پەقەت 3 - 4 يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئورۇن-لاندى.

مۇلۇكچىلىكنى ئۆزگەرتىشنىڭ چوڭقۇرلىغى ۋە كولىمى جەھەتتە، ئەسلىدە ساقلاپ تۇرۇشقا تېگىشلىك بىر مۇنچە يەككە ئىگىلىك بەك بالدۇر يوقىتىۋېتىلدى. شەھەر - جىگلاردا ھەتتا كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىمۇ چەكلەندى. مۇلۇكچىلىكنى ئۆزگەرتىشنىڭ قەدەم-باسقۇچ، ئۇسۇللىرى جەھەتتە، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەزگىلىدىكى ياخشى تەجرىبىلەر تاشلاپ قويۇلدى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش دولقۇنى ۋە خەلق كوگىشىسىنى ئومۇملاشتۇ-رۇش ھەركىتى جەريانىدا شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىك قانۇنىيىتى نەزەردىن تۇتۇل-ماي، بىر داغدۇغا بىلەن قوزغىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاياقتا ھەيدەلدى. بۇ خىل تېز ئۇنۇم ھاسىل قىلىشقا ئالدىراش ئۇسۇلى لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان ۋاقىتقا يەتكەندە، تېخىمۇ شىددەت بىلەن تەرەققى قىلىپ، «كەمبەغەل پېتى ئوتتۇش» يولغا قويۇلۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى غايەت زور بۇزغۇنچىد-لىققا ئۇچراپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىر يامان ئاقىۋەت-لەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا، مۇلۇكچىلىك مەسىلىسىنى مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا بۇنداق چوڭ-قۇر تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

## 1 - سوتسىيالىستىك ئومۇم مۇلۇكچىلىك

كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكتىن ئىبارەت قۇرۇلمىدا، ئاساسىي شەكىل ماركس «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىت» تە ئېيتقان بىر خىللا بولغان پۈتۈن جەمئىيەت ئومۇمى مۇلۇكچىلىگى ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇر-غان سوتسىيالىستىك ئومۇمى خەلق مۇلۇكچىلىگى بولۇپ، بۇ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى، ئېلىمىز مۇلۇكچىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىن ئىبارەت.

سوتسىيالىستىك ئومۇمى خەلق مۇلۇكچىلىگى دولەت ئىگىلىگىدىكى ئىقتىسات بولۇپ، تەرەققىيات سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقۇرى بولغانلىغى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئۆز-ئارا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەسلىدە مۇسادىرە قىلىنغان بىيوروكرات كاپىتالىنىڭ كارخا-نىلىرى بولسۇن، ياكى ئۆزگەرتىلگەن مىللى كاپىتالنىڭ چوڭ تىپتىكى كارخانىلىرى بولسۇن، شۇنداقلا ئازاتلىقتىن كېيىن يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانىلار بولسۇن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەممىسى ئىجتىمائىلاشقان چوڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا پۈتۈن جەمئىيەت ئىگىدارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمى خەلق مۇلۇكچىلىگىنىڭ ئورنىتىلىشى ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە. ئومۇمى خەلق مۇلۇكچىلىك-گىدىكى ئىقتىسات خەلق ئىگىلىگىنىڭ جان تومۇرىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، خەلق ئىگىلىگىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدىغان رەھبىرى كۈچ بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. سوتسىيا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىشتىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىشى يولغا قويۇلغان، ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئىقتىسادىي مەنبە بىكار قىلىنغان بولغاچقا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان يېڭى تىپتىكى مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىق نىسبەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ. شۇڭا، كاپىتالىزىمنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن خۇسۇسىي ئىگىدارلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەل قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بېرىلگەن بولىدۇ، بۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەڭ تۈپ ئەۋزەللىكى.

لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ھازىرقى باسقۇچتىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى يەنىلا مۇكەممەل بولمىغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىن تاشقىرى يەنە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ۋە يەككە مۈلۈكچىلىك قاتارلىق ئىگىلىك تەرەپلىرىمۇ بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. مەسىلەن: ھازىر مەملىكەت بويىچە دۆلەتتىن ئىش ھەققى ئالىدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر 70 نەچچە مىليونلا كىشى، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىن ئەمگەك ھەققى ئالىدىغان ئەمگەكچىلەر 300 مىليون كىشى. بۇلارنىڭ كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن ناھايىتىمۇ كۆپ. ئەمدى نۇپۇس جەھەتتىن ئېيتقاندا، 800 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىماتىغا قاتناشمايدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى «ئومۇمىي خەلق»نىڭ ئەمەس، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ۋە بۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئۆزئارا بىرلىشىدىغان ئەمگەكچىلەرنى تېخى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت.

ھازىرقى باسقۇچتىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى شەكلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئۆزئارا ئويغۇن كېلىدىغان تەرىپىمۇ بار. شۇنداقلا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زىددىيەت تەرىپىمۇ بار. بۇ ئاساسەن باشقۇرۇش تۈزۈمى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۆتكەندە دۆلەت، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنى ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىمۇ بولمىغان، ئۆز ئالدىغا ئىقتىسادىي مەنپەئەتمۇ بولمىغان، شۇنداقلا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارا تەڭ تەقسىماتچىلىق، چوڭ قازاننىڭ ئېشىنى يېيىشتەك ئەھۋاللار ئىنتايىن ئېغىر ساقلاندى. ھازىرمۇ قىسمەن زاۋۇت، كارخانىلاردا بۇ ئەھۋاللار ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا كارخانىلاردا تاشقى جەھەتتە ئىقتىسادىي بېسىم، ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولمىغانلىقتىن، ئىگىلىكتە ھا-

ياتى كۈچ كەم بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇپ كەلدى. بۈگۈنكى سەۋىيەمىز، بىز ئۆتكەندە سوتسىيالىزىمنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىدۇق. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ قانۇنىيىتىنى مىخانىكا ۋە دوگما ئۇسۇل بىلەنلا چۈشەندۇق ۋە ئۇنى شۇ يول بىلەن باشقۇردۇق. نەتىجىدە سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدۇق. شۇڭا، بۇ خىلدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، ھەم دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئايرىش مەسىلىسى داۋاملىق تەتقىق قىلىنىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. بۇ دۆلەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولۇشى، كارخانىلاردا كونترول قىلىش ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقى بولۇشى، كارخانىلار ھەقىقىي تۈردە نىسپىي مۇستەقىل بولغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلىنىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشتا، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى پىلانلىق، قەدەممۇ-قەدەم يولغا قويۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. شۇنداقلا، كارخانىلارنى مەلۇم ئىقتىسادىي ھوقۇققا ئىگە قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تېگىشلىك ئىقتىسادىي مەنپەئەت بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەت بىرلەشتۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن. سوتسىيالىستىك كارخانىلارنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى، ئىدىيە جەھەتتە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەستايىدىل تونۇپ، ھەمىمىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان ھادىسىدىن ساقلىنىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەر بىلەن ئوخشاش بولمىغان كارخانىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئومۇمەن ئالغاندا، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلە، چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ، بۈگۈنگىچە بەك ئالدىراپ كېتىشكە بولمايدۇ.

دۆلىتىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى بىر قەدەر ياخشى ساغلام ئېلىپ بارغان ۋاقىتلارمۇ بولدى. كېيىن بەزى ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەگرى-توقاي يوللارنىمۇ بېسىپ ئۆتتۇق. چۈنكى ماركسىزىمنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نەزەرىيىلىرىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تىكلەر ماركسىزىمنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، دېگەن سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11-قۇرۇلتاي 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كوپلىگەن مەسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىلەر ئېنىقلاندى. چەتئەللىك تەجرىبىلىرىنىمۇ خېلى ئۆگەندۇق، شۇنداق بولسىمۇ، نۆۋەتتە ماركسىزمنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش يەنىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر. جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى دېگىنىمىز جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىن مېڭىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى بىزدە نوپۇس كۆپ، ئاساسىمىز ئاجىز، يولداش ماۋزېدۇڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋاقتىدا «ئاساسىي مەسىلە دېھقانلار مەسىلىسى» دېگەنگە ئوخشاش سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىمۇ 80 پىرسەنتتىن ئارتۇق دېھقانلارنى ئويلىمىساق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە باشقۇرۇشتا ماركسىزمنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنى دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇرىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىگە يېقىندىن بىرلەشتۈرۈپ، ناھايىتى ئوبدان ئۆگىنىپ داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. بىزدە بۇ جەھەتتىكى بىلىملىك كىشىلەر كۆپ ئەمەس. بۇمۇ بىزنىڭ ئاجىز يەرلىرىمىزنىڭ بىرسى. شۇڭا مەيلى چەتئەلنىڭ بولسۇن، مەيلى ئۆزىمىزنىڭ بىرەر تەجرىبىلىرىمىز بولىدىكەن، ئۇنى كېڭەيتىشتە ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. بىر تەرەپتىن سىناق قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن تەتقىق قىلىش، سىناقتىن ئۆتسە، ئاندىن تەدرىجى كېڭەيتىش لازىم. بۇمۇ ئىگىلىك باشقۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان مەسىلە. قىسقىسى قانداق ئۇسۇل - چارە قوللىنىلسۇن، تۈپ مەسىلە - ئىقتىساتنى تەرەققى قىلدۇرۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

## 2 - سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك

سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك يېزىلاردىكى خەلق گوڭشېلىرىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى ۋە شەھەر، جېڭلاردىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە بىۋاستە بىرلەشتۈرىدىغان كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك شەكلىدىن ئىبارەت.

يېزا خەلق گوڭشېلىرىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى يېزا خەلق گوڭشېلىرىدا «ئۈچ دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىكتە دۈينى ئاساس قىلىش» تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا ئاساسەن قول ئەمگىكى ۋە ئات - ئۇلاق كۈچىگە تايىنىدۇ. ماشىنىلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن. گوڭشېلاشقاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئىنتايىن يېتەرسىز بولدى. بەزى جايلاردا دۈي مۈلۈكچىلىكىنى ئاساس قىلىش ئەمەس، بەلكى گوڭشې مۈلۈكچىلىكىنى ئاساس قىلىشنى ئۆزۈنىچە يولغا قويۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش شامىلى چىقىپمۇ ئېغىر دەرىجىدە ساقلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنغا قەدەر ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا يېزا ئىگىلىكىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە ماشىنىلاشتۇرۇشتەك «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئات - ئۇلاقلارنى ئورۇنسىز يوقىتىش بۇيرىغى يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولدى. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپە بولۇپ، بۇنىڭغا بەكمۇ ئالدىراپ كېتىش ھاجەتسىز.

كاپىتالىستىك ئەللەردە سانائەتلەشتۈرۈش 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا باشلانغان ئىدى. 20 - ئەسىرگە كىرگەندە، چاپسان تەرەققى قىلىپ، تېز زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بولسا، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن باشلىنىپ 40 - يىللاردىن كېيىن پەيدىن - پەي يۈكسەلدۈرۈپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاندىن تېزلىكتە راۋاجلىنىپ بىر قەدەر يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز، ئەمگەك ھەققى تۆۋەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ باھاسى يۇقۇرى بولغاچقا، يېزا ئىگىلىگىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋرۇپا ئەللىرىدىن كۆپ دەرىجىدە قىيىن. بىزدە يەنە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى يۇقۇرى ئەمەس، شۇنىڭدەك ھەر بىر جايلارنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتىدا ئىنتايىن زور پەرق بار. ئۇلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىدىلىنىش تەكشى ئەمەس.

يېقىنقى يىلدىن بۇيان، يېزىلاردا تۇرلۇك ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ئەمەللەشتۈرۈلگەنلىكتىن، يېزا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋەزىيىتى بىر قەدەر ياخشى بولدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىگىنىڭ مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى، ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا داۋاملىق كاپالەتلىك قىلىش، گۈڭشى ئەزالىرىنىڭ قالدۇق يەر، چارۋا، مۇئلىك باغ ۋە ئائىلە قوشۇمچە كەسىپكە توغرا مۇئامىلە قىلىش بىلەن تەڭ، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، گۈڭشې، دۆيلەرنىڭ كارخانىلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇشى لازىم. بولۇپمۇ، ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كۈچەيتىش لازىم. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا، ئىشنى كوتىرە بېرىش، نورما بەلگىلەپ ھەق ھېساپلاش، بەشنى مۇقىملاش، بىرنى مۇكاپاتلاش، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىش ئومۇمىيۈزلۈك كوتىرە بېرىش؛ مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە كوتىرە بېرىش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېساپلاش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل يولغا قويۇلدى. بۇ خىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي سەۋىيىسى ھەرقايسى جايلارنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىت پەرقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى قاتارلىق شەرتلەر ئاساسىدا بەلگىلىنىشى لازىم.

ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقىسى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ، كېيىنكىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كىمنىڭ ئىگىدارچىلىغىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللىرى مەسئۇلىيەتنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالىدۇ. ئەمما بۇلار مۇلۇكچىلىكنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى شۇ يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىلىق ئەمەسلىكى بىلەن ئۆلچەش كېرەك.

ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىمى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ پىلانلىق باشقۇرۇلۇشىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر. ئەگەر يېزا ئىگىلىكىدە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن پىلانلىق باشقۇرۇش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلمىسە، بەزى كوللېكتىپ ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئۆز خاھىشى بىلەن پايدا قوغلىشىپ، پىلانلىق تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان بەزى كونكرېت مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىپ بېرىش لازىم.

سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتە يېزا كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىن باشقا، يەنە شەھەر-جىڭلارنىڭ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىمۇ بار. نۆۋەتتە سانائەت (قول سانائىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سودا، مۇلازىمەتلىك كەسپى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ھەممىسىدە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلار بار. شەھەر-جىڭلاردىكى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىكتە قول ئەمگىكىنىڭ ئىگەللىگەن سالمىقى چوڭ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكنى يولغا قويۇش ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن.

شەھەر-جىڭلاردىكى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتە ئىگىلىك مۇستەقىل ھېساۋات قىلىنىپ، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بىلەن شەخسلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتىنى زىچ بىرلەشتۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەكتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. بۇ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، باشقۇرۇشقا ئاسان، كۆلىمى كىچىك، كۆپ خىللىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، دۆلەتكە مەبلەغ جۇغلاپ بېرىدۇ. جۇملىدىن، شەھەر-جىڭلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىدا، بۇنداق ئىگىلىك ئومۇمىخەلق مۇلۇكچىلىكى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

## 3 - يەككە مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى يېڭى ئۆزگىرىش

1980 - يىلىدىن باشلاپ، مەملىكەت بويىچە يەككە ئىگىلىك خېلى دەرىجىدە راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بۇ خىلدىكى يەككە ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى قول

ئەمگەكنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە نىسبەتەن مۇۋاپىق كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن ئەھۋال ئاستىدا، يەككە ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىككە بېقىنىدۇ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولىدۇ، ئىجتىمائى بايلىقنى ئاشۇرىدۇ، خەلق تۇرمۇشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. دۆلەتنىڭ باج كىرىمىنى كۆپەيتىدۇ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىدۇ. شۇڭا، خەلق ئىگىلىكىدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

نۆۋەتتە يەككە ئىگىلىكتە يېڭى ئەھۋال مەيدانغا كەلمەكتە. بەزىلەر شاگىرت ئالدى، بەزىلىرى ئىشچىمۇ ياللىدى. شاگىرت ئېلىش، ئىشچى ياللاشتا ئېكسپىلاتاتسىيە بارمۇ - يوق؟ ئىشچى ياللاش كاپىتالىست ھېسابلىنامدۇ - قانداق؟ ئەگەر ئاز ساندا شاگىرت ئېلىنىپ، ھەقىقەتەن ھۈنەر ئۆگىتىش كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۇستازى شاگىرتىغا مەلۇم ساندا تۇرمۇش راسخودى بېرىدىغان بولسا، بۇنىڭدا ئېكسپىلاتاتسىيە بار دېيىش تەسرەك. ئىشچى ياللاشقا كەلسەك، بۇ ئەلۋەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن كاپىتالىست بولۇپ قالامدۇ - يوق؟ ئەمەلى شەرت - شارائىتقا قاراش كېرەك. سان ئۆزگىرىشتىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئۆتۈشتە بىر جەريان بولۇش لازىم. بىز بۇرۇن، توۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتىغا قارىماستىن، توۋار ئىشلەپچىقىرىش بولىدىكەن كاپىتالىزىم تىرىلىدۇ، دەپ خاتا قارىغىنىمىزغا ئوخشاش، ئېكسپىلاتاتسىيە بولىدىكەن كاپىتالىست بولىدۇ، دەپ قارىماسلىق لازىم. ماركس «كاپىتال» دا كىچىك خوجايىننىڭ كاپىتالىستقا ئايلىنىشىنى ئۆز ئارا ئالاقىدار بولغان 3 شەرت بەلگىلەيدۇ، دېگەن: بىرىنچى، ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان قوشۇمچە قىممەت مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلىگى؛ ئىككىنچى، بىر قىسىم قوشۇمچە قىممەتنى جۇغلاپ كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتكەنلىگى، بۇ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسي ئالامىتى؛ ئۈچىنچى، خوجايىننىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا قاتناشقان - قاتناشمىغانلىقىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئىشچى ياللىغان ئادەمنىڭ كاپىتالىستقا ئايلىنىش - ئايلانماسلىقىدا، ئاددى ھالدا ئۇنىڭ بىر نەچچە ئىشچى ياللىغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى يوقۇرىدىكى ئامىللارنى بىرلەشتۈرۈپ قاراش كېرەك. شۇنداقلا بۇ مەسىلىدە ماركىس تەلىماتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى، داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمى مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دولەت. يەككە ئىگىلىك گەرچە سوتسىيالىستىك ئومۇم ئىگىلىككە بېقىنغان، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا خۇسۇسى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، يەككە ئىگىلىكنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇ-

شىغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، چېكىدىن ئاشقان بەزى چەھەتلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ياكى چەكلەش لازىم.

## 4. دولەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسات بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ شەخسلەر مەبلىغىنى جەلپ قىلىش مەسىلىسى

يېقىنقى يىلدىن بۇيان، بەزى دولەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، شەخسلەرنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلدى، شۇنداقلا، شەخسلەرنىڭ قوشقان پايىغا - پاي ئۆسۈمى ۋە پايدىنمۇ بولۇپ بېرىلىدىغان بولدى. پاي ئۆسۈمى خاراكتېر جەھەتتە بانكىغا ئامانەت قويۇشنىڭ ئۆسۈمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

پايدىغا كەلسەك، ئىككى خىل ئەھۋال بار. ئۆز كارخانىسىغا پاي قوشقان ئادەملەرنى ئالساق، ئۇلار ياراتقان بىر قىسىم قوشۇمچە مەھسۇلاتلار، پايدا بولۇش شەكلى ئارقىلىق يەنە ئۆزلىرىنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدۇ. پايدا، قوشقان پاينىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، پاي قوشقۇچىلار قوشۇمچە مەھسۇلات يارىتىش ئەمگىكىگە قاتناشقان بولىدۇ.

ئەمدى ئۆز كارخانىسىدا بولمىغان پاي قوشقۇچىلارغا كەلسەك، ئەھۋال ئوخشىمايدۇ. ئۇلار كارخانىنىڭ ئەمگىكىگە زادى قاتناشمايدۇ، شۇڭلاشقا ئېرىشكەن پايدىنى ئۇلارنىڭ ئۆزى ياراتقان قوشۇمچە مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمى دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا پاي قوشقۇچىلار ئۆز كارخانىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر دائىرىسىدە چەكلىنىش لازىم.

سوتسىيالىستىك كارخانىلار شەخسلەرنىڭ مەبلىغىنى پاي قىلىپ قوشۇشنى جەلپ قىلسا، كارخانىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتەمدۇ - يوق؟ بۇنىڭدا ئىككى خىل ئېھتىمال بار، ئەگەر شەخسلەر پاي سوممىسىنىڭ كارخانا ئومۇمىي مەبلىغىدە ئىگەللىگەن سالمىقى ئاز بولسا، كارخانىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، بۇ خۇددى كاپىتالىستىك جەمىيەتتە ئىشچىلار ئاز مىقداردا پاي چېكى سېتىۋالسىمۇ، كارخانىنىڭ كاپىتالىستىك خاراكتېرى ئۆزگەرمىگىنىگە ئوخشاش. ئەگەر شەخسلەرنىڭ پاي سوممىسى ئومۇمنىڭ پاي سوممىسىدىن ئېشىپ كەتسە، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالنىڭ چوڭ تىپتىكى كارخانىلاردا يۈز بېرىشىنىڭ ئانچە مۇمكىنچىلىكى يوق.

يۇقۇرقىدىن باشقا يەنە شەخسلەر مەبلەغ توپلاپ كارخانا باشقۇرۇش مەسىلىسى بار. بۇنىڭدا ئىككى خىل ئەھۋال بار بولۇپ، بىرىسى، ئەسلىدىكى سودا - سانائەتچىلەر مەبلەغ توپلاپ پايچىكلار شېركىتى قۇرۇش، يەنە بىرسى، ئادەتتىكى ئاھالىلار مەبلەغ

تويلاپ كارخانا قۇرۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، پاي قوشقان مەبلىغىگە پەقەت بانكىنىڭ ئۇسۇمىگە باراۋەر بولغان ئۇسۇمنىلا ئالالايدۇ، پايدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنى قانداق خاراكتېردىكى كارخانا دېيىشكە بولىدۇ؟ ئۇنى كاپىتالىستىك خاراكتېردىكى پايچىكلار شېركىتى دېسەك، پاي سوممىسىغا پايدا بولۇۋالمايدۇ؛ كوللېكتىپ ئىگىلىك دېسەك، پاي سوممىسى شەخسلەرگە مەنسۇپ، دۆلەت كاپىتالىزمى دەيلى دېسەك، دۆلەت پاي قوشمىغان، شۇڭا بىرنىمە دېيىش تەس. بۇ دېمەك، نۆۋەتتىكى تارىخىي شارائىتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلى بولۇپ، مەسىلە — بۇ خىلدىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات نىشانىسىنىڭ قانداقلىقىدا. بىزنىڭچە، بۇ خىلدىكى كارخانىلار شەخسلەرنىڭ پاي قىلىپ قوشقان دەسمايىسىنى ئۇسۇمى بىلەن قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ياكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانا بولۇپ شەكىللەنسە، بىر قەدەر مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلىش جەمئىيەتتىكى تارقاق مەبلەغنى تېخىمۇ كۆپ جۇغلاشقا پايدىسىز بولسا، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا قىلىپ قۇرسىمۇ بولىدۇ.

## 5- جۇڭگو بىلەن چەتئەللەر شېرىكچىلىكىدىكى دۆلەت كاپىتالىزىم ئىگىلىكى

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش شەرتى ئاستىدا، يەنە چەتئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ۋە پايدىلىق بولغان تېخنىكىنى كىرگۈزۈش ئىقتىسادىي سىياسىتىنى قوللىنىمىز. بۇ جۇڭگو بىلەن چەتئەللەر شېرىكچىلىكىنىڭ چەتئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: شىنجاڭ تيانشان يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلار چەكلىك شېركىتىنى ئۈرۈمچى يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى بىلەن شياڭگاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شېركىتى مەبلەغ قوشۇپ بىرلىكتە قۇرغان.

چەتئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشنىڭ چەتئەل مەبلىغىنى ۋە ئىلغار تېخنىكىسىنى جەلپ قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشتە مەلۇم رولى بار. ئەمما مەلۇم بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى كاپىتالىستلارنىڭ كارخانا قۇرۇشتىكى مەقسىدى ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ پايدىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت. لېكىن دۆلەت كاپىتالىزىمى ئىگىلىكى نۆۋەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولىدىكەن، ئاز - تولا بەدەل تۆلەشكە توغرى كېلىدۇ. مەيلى قانداقلا بولسۇن، چەتئەل كاپىتالىستلىرى يەنىلا كاپىتالىست، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى قوشۇمچە قىممەت قوغلىشىشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە چەتئەل كاپىتالى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا، ئىقتىسادىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە كۈرەش بولىدۇ، كاپىتالىستلار ئۆز نۆۋىتىدە ئالىدىغان پايدىسىنىڭ خەلقارادىكى ئوتتۇرىچە پايدىدىن كەم بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن بېكىتمىزنى سەگەك تۇتۇپ، قىلچە بېپەرۋالىق

قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچى سوتسىيالىستىك ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كوپ خىل مۇلۇكچىلىك شەكىللىرى بىللە مەۋجۇت تۇرىدىغان يەنى سوتسىيالىستىك دولەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىساتمۇ، سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ ئىگىلىكمۇ، بىر قىسىم يەككە ئىگىلىك ۋە يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى ھوكۇمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئىگىلىكمۇ بار بولغان مۇلۇكچىلىك شەكلىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇ خىل مۇلۇكچىلىك شەكلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى بەزىلەر ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگىمۇ - يوق، دەپ گۇمانلىنىدۇ. بەزىلەر بۇ ۋاقىتلىق تەدبىر دېيىشىدۇ، بۇنداق قاراش بىر تەرەپلىمىلىك.

كوپ خىل مۇلۇكچىلىكنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى، ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچى، تۈپ ئاساسىدىن ئالغاندا، مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يوقۇرىدا ئېيتىلغان ئامىللار ئىسپاتلىدىكى، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىر خىل كوپ قاتلاملىق تۈزۈلمىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىدە ماشىنىلىشىش، ئاپتوماتلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر يوقۇرى، بەزى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا يېرىم ئاپتوماتلىشىشقا بىر قىسىم قول ئەمگىكى قوشۇلغان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن. بەزى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا بولسا، قول ئەمگىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ. دەل مۇشۇ كوپ قاتلاملىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇلۇكچىلىكنىڭ كوپ خىللىق شەكلىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىش قانۇنىيىتىنىڭ تېگىشلىك رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا قەدەم-باسقۇچ ئېشىپ كېتىپ، ئۆزگەرتىش بەك تەلتۆكۈس بولۇپ كەتكەچكە بەزى جەھەتلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى، ھازىر تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. سىياسەتتە كەڭ بولۇپ، كوپ خىل ئىگىلىك شەكلىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلدى. بۇمۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ نەتىجىسى. ئەگەر بۇنى «چېكىنىش» دېيىلسە، بۇ خىلدىكى چېكىنىش يەنە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ. ھازىرقى ئىقتىسادىي سىياسەتلەر كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت تەلىۋى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى مۇتلەق ئۆزگەرمەس ئەمەس، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. كوپ خىل مۇلۇكچىلىك شەكلى ئۇزۇن

مۇددەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ماركس مۇنداق كۆرسەتكەن ئىدى: «مەيلى قايسى ئىجتىمائىي فورماتسىيە بولسۇن، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق جارى بولمىغىچە ھەرگىز يوقالمايدۇ. يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقۇرى بولغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي شەرت-شارائىتلار كونا جەمئىيەتنىڭ قوينىدا پىشىپ يېتىلمىگىچە ھەرگىز پەيدا بولمايدۇ» بۇندىن كېيىن توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. لېكىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىدا چوڭ سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن، بىر قەدەر ئۇزۇن ۋاقىت لازىم بولىدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكلى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال مۇقەررەر ھالدا نىسبىي مۇقىملىق ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇ خىل نىسبىي مۇقىملىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا نىسبەتەن ئاكتىپ رولى بار.

كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكلى گەرچە ئۇزۇن مەزگىل بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاقىۋەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ كەلگۈسىدە ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ پەرەز قىلغان بىرلا ئومۇمىخەلق مۈلۈكچىلىكىگە قاراپ ماڭىدۇ، بۇ ئېنىق. لېكىن ئۆتۈشىنىڭ يولى قانداق بولىدۇ؟ ئۆتكەندە كىچىك كوللېكتىپتىن چوڭ كوللېكتىپقا، ئاندىن چوڭ كوللېكتىپتىن ئومۇمىخەلق مۈلۈكچىلىكىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولىدىغانلىقى پەرەز قىلىنغان ئىدى. ئەمما ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇ پەرەز بويىچە بولامدۇ — يوق؟ بۇنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكلىنى ئۆزگەرتىشتە مەيلى قانداقلا يول قوللىنىلسۇن، تۈپ مەسىلە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ ۋەزىپە. ئېلىمىز 30 يىلدىن كۆپرەك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، نىسبەتەن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، خېلى ماددىي تېخنىكا ئاساسىنى ئورناتتى. بۇندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلىدە بار بولغان ماددىي تېخنىكا ئاساسىدا يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، كارخانىلاردىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك، تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، كەسپىي خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش، ئىقتىسادىي باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئاساس يارىتىلىدۇ ھەم سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس تىكلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆز قاراشلىرى توغرىسىدا

ئەبۇ نەسىر فارابى

تەھرىردىن:

ژورنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانلىرىدا ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ قىسمەن تەرجىمە ھالى، ئىجادىي پائالىيىتى ۋە پەلسەپە كۆز قاراشلىرى ھەققىدە بىر نەچچە ماقالە ئېلان قىلغان ئىدۇق.

ئەينى تارىخىي دەۋردە فارابى ئەسەرلىرى ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئەرەپچە نۇسخىلىرى ھازىرچە قولىمىزدا بولمىغاچقا، كەڭ مۇشتىرىلار ۋە تەتقىقاتچىلارنى فارابى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان س. ن. گرىگورىياننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخىدىن» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆز قاراشلىرى توغرىسىدا رىسالە» سىدىن XXVI ۋە XXVII بابلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇق.

## XXVI باپ

## ئىنساننىڭ جامائەت ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىقتا بولغان ئېھتىياجى توغرىسىدا

ھەر بىر ئادەم ئۆز تەبىئىتى جەھەتتىن شۇنداق تۈزۈلگەنكى، ئۆزىنىڭ ياشىشى ۋە ئەڭ يۈكسەك كامالەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېھتىياجى چۈشىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى ئادەم ئۆزى يالغۇز قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ بىر تۈركۈم كىشىلەردىن تەركىب تاپقان جامائەتكە قاتنىشىشىنى تەقەززا قىلىدۇ، چۈنكى، بۇ جامائەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۇنى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ بىرەرسى بىلەن ئايرىم - ئايرىم تەمىنلەيدۇ.

مۇنداق ئەھۋالدا ھەر قانداق ئادەم 2 - بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئەنە شۇنداق مۇھتاجلىق ھالىتىدە بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، پەقەت بىر - بىرىگە ياردەم قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقى ئارقىلىقلا ئىنسان ئۆز تەبىئىتىگە مۇناسىپ بولغان كامالەتكە ئېرىشەلىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ جامائەتتىكى ھەر بىر ئادەم 2 - بىر كىشىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىنىڭ مەلۇم ئۈلۈشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق جاما-

ئەتتىكى بارلىق ئەزالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پائالىيىتى شۇ ئەزالارنىڭ ياشىشى ۋە كامالەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، يەرنىڭ ياشاشقا بولىدىغان قىسمىدا ئادەملەر كۆپەيگەن ۋە ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسانلار جەمىيەتلىرى كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تولۇق، يەنە بەزىلىرى تولۇقسىز جەمىيەتلەردىن ئىبارەت. تولۇق جەمىيەتلەر چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

چوڭ جەمىيەت — يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان بارلىق ئىنسانلار جەمىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت؛ ئوتتۇرا جەمىيەت دېگىنىمىز، مەلۇم بىر خەلقنىڭ ۋەكىللىكىدىكى جەمىيەت دېمەكتۇر؛ كىچىك جەمىيەت بولسا، مەلۇم بىر خەلق ئولتۇراقلاشقان يەرنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بىر شەھەرنىڭ ئاھالىسىدىن ئىبارەت. يېزا ۋە مەھەللىلەردە ياشىغۇچى ئاھالىلەرنىڭ يىغىندىسى، ئۇنىڭدىن قالسا ئايرىم بىر كوچىدا ياشىغۇچى ئاھالىنىڭ يىغىندىسى، ۋە ئاخىرىدا — بىرەر ئائىلىدە بىر ئۆيدە تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ يىغىندىسى تولۇقسىز جەمىيەتلەرنى تەشكىل قىلىدۇ. كېيىنكىلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك جەمىيەتنى تەشكىل قىلىدۇ. مەھەللە ۋە يېزىنىڭ ھەر ئىككىسى شەھەرگە تەۋە، لېكىن يېزا پەقەت شۇ مەنىدىلا شەھەرگە تەۋە بولىدۇكى، ئۇ شەھەرگە خىزمەت قىلىدۇ، ھالبۇكى مەھەللە شەھەرگە تەئەللۇق بولۇپ، شەھەرنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. كوچا مەھەللىنىڭ بىر قىسمى، ئۆي — كوچىنىڭ بىر قىسمى، شەھەر — بەلگىلىك جاينىڭ بىر قىسمى، خەلق — يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان بارلىق ئاھالىلار يىغىندىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئەڭ زور ھالاۋەت ۋە ئەڭ يۈكسەك كامالەتكە ھەممىدىن ئاۋال ئېرىشىدىغىنى، كامالەتنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرغان جەمىيەت ئەمەس، بەلكى شەھەردۇر. ھالاۋەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەمەلىيەتتە شۇنداقكى، ئۇ خالاش ۋە ئىختىيارى تاللاش بىلەن قولغا كەلتۈرىلىدۇ. (يامانلىقمۇ خالاش ۋە ئىختىيارى تاللاش بويىچە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، شەھەر يامانلىقتىن ئىبارەت بىر قىسىم مۇددىئالارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ) شۇڭا شەھەر بەخت يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ.

ئاھالىسى بەخت يارىتىش ئىشلىرىدا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغان شەھەر — پەزىلەتلىك شەھەر، ئادەملىرى بەخت يارىتىش مەقسىدى بىلەن بىر - بىرىگە ياردەم قىلىدىغان جەمىيەت — پەزىلەتلىك جەمىيەتتۇر. بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ھەممە شەھەرلىرى بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشىدىغان خەلق — پەزىلەتلىك خەلقتۇر. ئەگەر بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەممە خەلقلەر بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشىدىغان بولسا، پۈتۈن يەر يۈزى پەزىلەتلىك بولۇپ قالىدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەر، تىرىك مەۋجۇداتنىڭ ھاياتىنى ساقلاش ۋە ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەممە ئەزالىرى بىر - بىرىگە ياردەملىشىپ تۇرىدىغان كامالەتلىك ساغلام بەدەنگە ئوخشايدۇ. بەدەندىكى ئەزالار ئۆزىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئىقتىدارى جە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەتتە بىر - بىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇش بىلەن ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ. يەنى، بۇ ئەزالار مۇنۇلاردىن تەركىپ تاپىدۇ: بىر ئاساسلىق ئەزا — يۈرەك، ئەزالار — ئۆز دەرىجىلىرى بويىچە شۇ ئاساسلىق ئەزاغا يېقىنلىشىدىغان بۇ ئەزالارنىڭ ھەر بىرى تەبىئىي يارىلىشىدىنلا بەلگىلىك ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، شۇ ئىقتىدارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ئۆز پائالىيىتىنى ھېلىقى ئاساسلىق ئەزانىڭ تەبىئىي مەقسىدىگە مۇۋاپىق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؛ ۋە يەنە باشقا ئەزالار بولۇپ، ئۇلارمۇ بەلگىلىك ئىقتىدارغا ئىگە. ئۇلار ئۆز ئىقتىدارىنىڭ ياردىمى بىلەن ھېلىقى ئاساسلىق ئەزاغا بىۋاستە باغلىنىدىغان ئەزالارنىڭ مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق ھالدا ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇلار ئىككىنچى دەرىجىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان ئەزالار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ئۆز پائالىيىتىنى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان ئەزالارنىڭ مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەزالار ۋە ئەڭ ئاخىرىدا، ئۆزلىرى خىزمەت قىلىسىمۇ، مۇتلەق ھېچنىمىنى باشقۇرمايدىغان ئەزالار بولىدۇ. خۇددى شۇنداقلا، شەھەر جامائەتچىلىكىنىڭ ئەزالىرىمۇ ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى بىلەن بىر - بىرىدىن قەتئىي پەرقلىنىدۇ: شەھەردە مۇئەييەن بىر ئادەم باشلىق ۋە بۇ باشلىققا ئۆزلىرىنىڭ دەرىجىلىرى بويىچە يېقىنلىشىدىغان باشقا كىشىلەر بار. ھەر بىر كىشى ئۆز ئورۇنلىرى ۋە ئىقتىدارىغا قاراپ، باشلىقنىڭ مۇددىئاسى تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەتنى بېجىرىدۇ. بۇ كىشىلەر بىرىنچى باسقۇچتا تۇرىدۇ. ئۇلاردىن قالسا، بىرىنچى باسقۇچتىكى كىشىلەرنىڭ مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىدىغان باشقا كىشىلەر بار. بۇ كىشىلەر ئىككىنچى باسقۇچتا تۇرىدۇ. شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ، كېيىنكى تۆردىكى كىشىلەرنىڭ مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. شەھەر جامائەتچىلىكىنىڭ تۈرلۈك ئەزالىرى يەنە شۇ تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا تۇرىدىغانلىرى — يۇقۇردىكى كىشىلەرنىڭ كېيىنكىلىرىنىڭ مۇددىئالىرىغا مۇۋاپىق ئىش قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر خىزمەت قىلىدۇ، لېكىن باشقىلار ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. ئۇلار توۋەن باسقۇچتا ۋە ئەڭ توۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىلەر ھېساپلىنىدۇ. ھالبۇكى، بەدەن ئەزالىرى تەبىئىي ئەزالاردۇر، شەھەر جامائەتچىلىكىنىڭ ئەزالىرى گەرچە ئوخشاشلا تەبىئىي ئەزا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شەھەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلىدىغان ئورنى ۋە ئىقتىدارى تەبىئىي بولمايدۇ، لېكىن ئىختىيارلىقنى مەنبە قىلىدۇ، چۈنكى شەھەر جامائەتچىلىكىنىڭ ئەزالىرى ئۆز ئارا بىر - بىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بىرەر نەرسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ شەھەر جامائەتچىلىكىگە ئەزا بولۇشى ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ئاساسەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىختىيارلىق مەنبەسىدىن كېلىپ چىقىدىغان سەنئەت ۋە شۇ قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەنمۇ بولىدۇ.

شەھەر جامائەتچىلىكى ئەزالىرىنىڭ ئىختىيارلىقنى مەنبە قىلغان تۈرلۈك ئىقتىدارلىرى ۋە ئورۇنلىرى بەدەن ئەزالىرىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارلىرىغا ئوخشاشتۇر.

## XXVII باپ

# شەھەر جامائەتچىلىگىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى توغرىسىدا

بەدەندىكى ھەممە ئەزالار ئىچىدە ئاساسلىق ئەزا تەبىئى ھالدا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ يېتىلگەن بولىدۇ؛ باشقا ئەزالار بىلەن بىر قاتاردا ئۇنىڭغا خاس بولغان شەيئىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغىنى ئەۋزەللىكىنىڭ يوقۇرى باسقۇچىدا تۇرىدۇ؛ بۇ ئەزادىن تۆۋەن ئورۇن ئالغان باشقا ئەزالار ئۆز نوۋىتىدە يەنە ئۆزلىرىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئەزالارنى باشقۇرىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ئەزالارنىڭ باشقۇرۇشىنى ئاساسلىق ئەزانىڭ باشقۇرۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن باسقۇچتا تۇرىدۇ، چۈنكى بۇ ئەزالار باشقۇرىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىمۇ باشقۇرىلىدۇ). خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەر جامائەسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئىچىدە ئۇنىڭ باشلىقى ئۆزىگە خاس بولغان جەھەتلەردە ئەڭ كامالەتلىك بولىدۇ؛ شەھەر جامائەسىنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىر قاتاردا ئۇنىڭغا خاس بولغان شەيئىسى ئەڭ ئەۋزەل بولىدۇ، ئۇ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ۋە ئۆز نوۋىتىدە باشقىلارنى باشقۇرىدىغان ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ھەممىدىن ئاۋۋال يۈرەكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شەرت. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ، بەدەندىكى باشقا ئەزالارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، بۇ ئەزالاردا ئىقتىدارلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە بۇ ئىقتىدارلارنىڭ بەلگىلىك تەرتىپكە سېلىنىشى ئۈچۈن سەۋەپ بولالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەگەر مەلۇم بىر ئەزادا چاتاق چىقسا، يۈرەك بۇ چاتاقنىڭ تۈگىتىلىشىنى تەمىن ئېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇئەييەن شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقىمۇ ھەممىدىن ئاۋۋال مەۋجۇت بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا ئۇ شەھەر جامائەسى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۇلاردا ئىرادىنى مەنبە قىلغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن سەۋەپ بولالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەگەر شەھەر جامائە ئەزالىرىنىڭ بىرەرسىدە چاتاق چىقسا، شەھەر باشلىقى بۇنداق چاتاقنىڭ تۈگىتىلىشىنى تەمىن ئېتىدۇ.

ئاساسلىق ئەزاغا يېقىن بولغان ئەزالار تەبىئى ھەركەتلەر ئىچىدە بىرىنچى باشقۇرغۇچى ئەزانىڭ تەبىئى مەقسىدىگە مۇۋاپىق ھالدا ئەڭ يۈكسەك ھەركەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدىغان ئەزالار بولسا، ئانچە يۈكسەك بولمىغان ھەركەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدىكى ئەزالار ئەڭ تۆۋەن ھەركەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ھەركەتلەر ئىچىدىمۇ شەھەر جامائەسىنىڭ باشلىقىغا ئەڭ يېقىن بولغان ئەزالار ئەڭ ئىپتىخارلىق ئىش - ھەركەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قول

ئاستىدىكىلەر — ئىپتىخارلىقى ئازراق ھەركەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ۋە شۇ تەرىقىدە شەھەر جامائەسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىشلارغا قىلىدىغان ئەزالىرىغىچە داۋاملىشىدۇ.

بەزى ئىش - ھەركەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى تۆۋەن دېيىشتىكى سەۋەپنى شۇنداق دەپ چۈشەندۇرۇشكە بولىدىكى، ئۇنداق ئىش - ھەركەتلەرگەرچە ئۆزلىرى زور پايدا كەلتۈرىدىغان بولسىمۇ (بەدەندىكى سۈيدۈك يولى ۋە توغرا ئۈچەيلەرنىڭ ھەركىتىسگە ئوخشاش) ئۇلارنىڭ ئوبېكتلىرى پەس بولىدۇ، ياكى ئۇ ئىش - ھەركەتلەرنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسى ئاز بولىدۇ، ياكى بولمىسا، ئۇلارغا ئورۇنلاش ئىنتايىن ئاسان بولىدۇ. شەھەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، ھەر قايىسى قىسىملىرى ئۆز ئارا تەبىئىي ماسلاشقان، ئىستىملاشقان ۋە رەتكە سېلىنغان ھەر قانداق ئومۇملىققا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئەھۋال ئەنە شۇنداق. چۈنكى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئومۇملىق ئىچىدە باشلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ئەزالارغا بولغان مۇناسىۋىتى يۇقۇرىدا ئېيتىلغانغا ئوخشاش. بارلىق مەۋجۇداتقا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئەھۋال ئەنە شۇنداق. باش سەۋەپنىڭ باشقا مەۋجۇت شەيئىلەرگە بولغان مۇناسىۋىتى پەزىلەتلىك شەھەر ھۆكۈمدارىنىڭ شەھەر ئومۇملىقىدىكى باشقا ئەزالارغا بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ماددىدىن خالى بولغان شەيئىلەر باش سەۋەپكە ئەڭ يېقىن تۇرغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تۆۋەندە ئاسمان جىسىملىرى ئاندىن ماددىي جىسىملار كېلىدۇ. بۇ شەيئىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆز قۇربىنىڭ يېتىشىچە باش سەۋەپكە ئەگىشىدۇ، ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەقلىت قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ شەيئىلەرنىڭ مەقسىتىگە ئىنتىلىشى ئۆز دەرىجىلىرىگە مۇۋاپىق ھالدا بولىدۇ، يەنى تۆۋەن تۇرغان شەيئى ئۆزىدىن بىر ئاز يۇقۇرى تۇرىدىغان شەيئىنىڭ مەقسىتىگە ئىنتىلىدۇ. بۇ شەيئى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىدىن يۇقۇرى تۇرىدىغان شەيئىنىڭ مەقسىتىگە ئىنتىلىدۇ. ئۈچىنچىسىمۇ ئۆزىدىن يۇقۇرى شەيئىنىڭ مەقسىتىگە ئىنتىلىدۇ ۋە شۇ تەرىقىدە ئۆزى بىلەن باش سەۋەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ۋاستە بولمايدىغان شەيئىلەرگىچە داۋاملىشىدۇ. بارلىق مەۋجۇدات ئەنە شۇ تەرتىپ بويىچە باش سەۋەپنىڭ مەقسىتىگە ئىنتىلىدۇ. بەزى شەيئىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممە شەيئىلەرگە ئەڭ دەسلەپتىلا ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنداق شەيئىلەر ئەڭ دەسلەپتىلا باش سەۋەپنىڭ ئۈلگىسى ۋە مەقسىدى بويىچە ئىش قىلىشقا بېغىشلانغان ۋە شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئەڭ يۇقىرى باسقۇچتا تۇرىدىغان بولۇپ قالغان. ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگىلا ئەڭ دەسلەپتە ئىگە بولمىغان شەيئىلەرگە كۈچ ئاتا قىلىنغان. ئۇلار شۇ كۈچىگە تايىنىپ ئۆزلىرى ئېرىشىشكە تېگىشلىك شەيئىلەرگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن باش سەۋەپنىڭ مەقسىدىگە ئەگىشىدۇ. پەزىلەتلىك شەھەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولىدۇ. شەھەر ئومۇملىقىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ھەر بىرسى ئۆز دەرىجىسىگە مۇۋاپىق رەۋىشتە ئۆز ھەركەتلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق شەھەرنىڭ بىرىنچى باشلىقىنىڭ مۇددىئاسىغا ئەگىشىشى كېرەك.

كورۈنگەنلا ئادەم پەزىلەتلىك شەھەرگە باشلىق بولالمايدۇ. چۈنكى، باشقۇرۇش ئىشى مۇنداق ئىككى ئامىلغا باغلىق بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئادەم ئۆز تەبىئىتىدىن باشقۇرۇش ئىشىغا لاياقەتلىك بولۇشى لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ئىرادىنى مەنبە قىلغان مەۋقەسى ۋە ئىقتىدارى بولۇشى لازىم، كىمكى باشقۇرۇش ئىشىغا ئۆز تەبىئىتىدىن ياراملىق بولسا، باشقۇرۇش ئىشى شۇنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. ھەر قانداق ماھارەتمۇ باشقۇرۇش ۋاستىسى بولالمايدۇ؛ ئەكسىچە، ماھارەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى، يەنە شەھەردە ئىشلىنىدىغان ھۈنەر-سەنئەتلەر، خۇددى كۆپچىلىك تەبىئىي ئىقتىدارلارغا ئوخشاش، خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ماھارەتلەر ئىچىدە ھەم باشقۇرۇش قورالى، ھەم باشقا ماھارەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قورالى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىرى بولىدۇ ۋە يەنە پەقەت خىزمەت قىلىش قورالىلا بولۇپ، ھەرگىزمۇ باشقۇرۇش قورالى بولالمايدىغان ماھارەتلەر بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كورۈنگەنلا ماھارەت ۋە كورۈنگەنلا ئىقتىدارمۇ پەزىلەتلىك شەھەرنى باشقۇرۇش سەنئىتى بولالمايدۇ.

بەدەندىكى ئاساسلىق ئەزانىڭ باشقا بىر ئەزا تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولۇشى مۇمكىن بولمىغىنىغا ئوخشاش، مەلۇم بىر تۈردىكى بىرىنچى ۋە ئاساسلىق شەيئىنىڭ ئۆزىگە تۈردەش بولغان باشقا بىر شەيئى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس (بەلگىلىك شەيئىلەر يىغىندىسى ئىچىدىكى ھەر قانداق شەيئىگە قارىتا ئېيتقاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ). خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ بىرىنچى باشلىقىمۇ شۇنداق ماھارەتكە ئىگە بولۇشى كېرەككى، بۇ ماھارەت ئاللىقانداق بىر شەيئىگە خىزمەت قىلىش ۋاستىسى بولماسلىقى ۋە باشقا بىر ماھارەتنىڭ باشقۇرۇش ئوبيېكتى بولماسلىقى شەرت. بىرىنچى باشلىقنىڭ ماھارىتى شۇنداق ماھارەتكى، ئۇنىڭ مۇددىئاسىغا باشقا ھەممە ماھارەتلەر بويسۇنىدۇ ۋە پەزىلەتلىك شەھەردىكى ھەممە ئىش-ھەرىكەتلەر شۇ مۇددىئا ئۈچۈن بېجىرىلىدۇ. مۇنداق ئادەم باشقا ھېچقانداق كىشى تەرىپىدىن باشقۇرۇلمايدۇ؛ بۇ — كامالەتكە يېتىپ، ئەمەلدىكى ئىدراك ۋە ئاقىلغا ئىگە بولغان ئادەمدۇر. بۇ — تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى بىز تىلغا ئالغان كامالەتنىڭ ئالىي دەرىجىسىگە تەبىئىي ھالدا يەتكەن ئادەمدۇر. بۇ ئىقتىدار بىدارلىق پەيتىدىمۇ، شۇنىڭدەك خاس شەيئىلەرنىڭ (شۇ شەيئىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ نۇسخىلىرىنىڭ) پائالىيەتچان ئىدراكتىن خالىي بولغان ئۇيقۇلۇق پەيتىدىمۇ، تەبىئىي ھالدا ئۇقۇمغا مايىل بولىدۇ. شۇنداق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى مەجھۇل ئىدراك ھەممە چۈشەنچىلەرنى تولۇق ئىگەللىگەن بولۇشى، بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭدىن سىرتتا قالماسلىقى، ئىدراكىنىڭ ئۆزى بولسا ئەمەلدىكى ئىدراك بولۇشى لازىم.

شۇنداق قىلىپ، مەجھۇل ئىدراكى ھەممە چۈشەنچىلەرنى تولۇق ئىگەللىگەن ئادەم ئەمەلدىكى ئىدراكقا ۋە ئەمەلدىكى ئاقىلغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇ، بىلىنىدىغان شەيئىلەرنى ئۆزلىگىدىن بىلىدىغان بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئىنسان مەلۇم دەرىجىدە ئەمەلدىكى

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدراكنى ھاسىل قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنداق ئەمەلدىكى ئىدراكنىڭ دەرىجىسى مەجھۇل ئىدراكقا نىسبەتەن يۇقۇرى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇكەممەل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ماددىدىن كۆپرەك ئايرىلغان، پائالىيەتچان ئىدراكقا يېقىنراق تۇرغان بولىدۇ. بۇ خىل ئىدراك، ھاسىل قىلىنغان ئىدراك دېيىلىدۇ. ئۇ، مەجھۇل ئىدراك بىلەن پائالىيەتچان ئىدراكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇننى ئىگەللىگەن بولۇپ، ئۇنى پائالىيەتچان ئىدراكتىن ئايرىپ تۇرىدىغان ھېچنەرسە يوق. مەجھۇل ئىدراك گويا ھاسىل قىلىنغان ئىدراكنىڭ ماددىسى ۋە ئوبيېكتى، ھاسىل قىلىنغان ئىدراك گويا پائالىيەتچان ئىدراكنىڭ ماددىسى ۋە ئوبيېكتىدىن ئىبارەت. تەبىئى شەكىلدىن ئىبارەت بولغان پىكىر قىلىش ئىقتىدارى دېگىنىمىز — ماددا يەنى ئەمەلدىكى ئىدراكتىن ئىبارەت بولغان مەجھۇل ئىدراكنىڭ ئوبيېكتى دېمەكتۇر.

ئىنساننى ئىنسان قىلىدىغان بىرىنچى باسقۇچ، تەبىئى شەكىلنىڭ بارلىققا كېلىش باسقۇچىدۇر. تەبىئى شەكىل ئەمەلدىكى ئىدراك بولۇشقا قادىر ۋە تەييار ھالەتتە بولىدۇ. بۇ شەكىل ھەممە ئۈچۈن ئورتاق بولۇپ، پائالىيەتچان ئىدراكتىن ئىككى باسقۇچ بىلەن، يەنە مەجھۇل ئىدراكنىڭ ئەمەلدىكى ئىدراكقا ئۆتۈشى ۋە ھاسىل قىلىنغان ئىدراكنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئايرىلىدۇ. دېمەك، ئىنسانچىلىقنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا يەتكەن ئادەملەن پائالىيەتچان ئىدراك ئوتتۇرىسىدىمۇ يەنە شۇنداق ئىككى باسقۇچ مەۋجۇت. تولۇق يېتىلگەن مەجھۇل ئىدراك بىلەن تەبىئى شەكىل گويا ماددا بىلەن شەكىلنىڭ قوشۇلىشىدىن ھاسىل بولغان بىرلىككە ئوخشاش بىر خىل بىرلىكنى شەكىللەندۈرگەن ۋە مەزكۇر ئىنسان ئىنسانى شەكىلگە كىرگەن بولسا، يەنە مەجھۇل ئىدراك ئەمەلدىكى ئىدراكقا ئايلانغان بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا، بۇ ئىنسان بىلەن پائالىيەتچان ئىدراك ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىرلا باسقۇچ بولىدۇ. تەبىئى شەكىل مەجھۇل ئىدراكنىڭ ماددىسى بولغان، مەجھۇل ئىدراك ئەمەلدىكى ئىدراك ھاسىل قىلىنغان ئىدراكنىڭ ماددىسى بولغان، ھاسىل قىلىنغان ئىدراك پائالىيەتچان ئىدراكنىڭ ماددىسى بولغان ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەن شارائىتتا مەزكۇر ئىنسان ۋۇجۇدىدا پائالىيەتچان ئىدراك بار بولغان ئىنسانغا ئايلىنالايدۇ.

ئەگەر بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ھەر ئىككى قىسمىدا، يەنە نەزەرىيىۋى ئىقتىدارى ۋە ئەمەلى ئىقتىدارىدا، ئاندىن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىدا يۈز بەرسە، ئەنە شۇ چاغدا بۇ ئىنسان چىنلىقنى ئىدراك قىلالايدىغان ئىنسان بولۇپ چىقىدۇ. ھەمدە ئاللا (ئۇ ئۇلۇق ۋە ھەممىگە قادىر) پائالىيەتچان ئىدراكنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭغا نامايەن بولىدۇ.

رەھىملىك ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن ئاللادىن، پائالىيەتچان ئىدراكقا قويۇلغان شەيئى تولۇپ - تاشقاندىن كېيىن، ھاسىل قىلىنغان ئىدراكنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەجھۇل ئىدراكقىمۇ قويۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىنسان ئاللادىن ئۇنىڭ ئىدراك قىلغۇچى ئەقلىگە قويۇلغان شەيئىنىڭ شارا-

پىتى بىلەن دانىشمەن، پەيلاسوپ ۋە مۇكەممەل ئەقىل ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ، ئاللادىن ئىنسانىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا قويۇلىدىغان شەيئىنىڭ شاراپىتىدىن بولسا، ئۇ پەيغەمبەر، كەلگۈسىنى بىلىدىغان ئەۋلىيا ۋە كوز ئالدىدا ئۇتتۇۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ تەبىر-لىگۈچىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى، يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا خۇدانى تونۇتقان مەۋجۇدىيەتنىڭ شاراپىتىدىن بولىدۇ. بۇنداق ئادەم ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىنسانى كامالەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە بەخت - سائادەتنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى مۇكەممەللەشكەن، بىر تەرەپتىن زىكرى قىلىنغان ئۇسۇلدا پائالىيەتچان ئىدراك بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ. بۇنداق ئىنسان بەختكە ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق ئىش - ھەركەتتىن خەۋەردار بولىدۇ. باشلىق ئۆزىدە ھازىرلىشى لازىم بولغان بىرىنچى شەرت ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى سوز بىلەن پىششىق ۋە ئوبرازلىق بايان قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇ كىشىلەر-نى بەختكە ۋە شۇ بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىش - ھەركەتلەرگە ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىلەن يېتەكلەشنى بىلىشى كېرەك. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئايرىم ئىش - ھەركەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يېتەرلىك دەرىجىدە جىسمانى قۇۋۋەتكىمۇ ئىگە بولۇش كېرەك.

ئېنگېلىس پەن ھەققىدە

ئەگە ئۇرتا ئەسىر قاراڭغۇ تۈنىدىن كېيىن پەن ئويلاپ بېقىلمىغان كۈچ-قۇدرەت بىلەن بىراقلا يېڭىۋاشتىن گۈللەندى ۋە كارامەت سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلدى دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ موجىزىنى يەنە بىر قېتىم ئىشلەپچىقىرىشقا مەنسۇپ قىلىشىمىز لازىم.

«تەبىئەت دىيالېكتىكىسى - پەن تارىخىدىن ئۆزۈندىلەر». 315-بەت

× × ×

بىر مىللەت پەننىڭ ئەڭ يوقۇرى پەللىسىدە تۇرماقچى بولىدىكەن، بىر مىنۇت-مۇ نەزىرىيىۋى تەپەككۇرسىز قالماسلىقى كېرەك.

«تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» 52 - بەت.

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

تۇرغۇن ئالماس

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن تارىخشۇناسلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا قاچاندىن بۇيان ماكانلاشقانلىقى ۋە ئەسلى كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراش بار.

بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بىرىنچى خىلى: ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 845 - يىلى موڭغۇلىيە داللىسىدىن غەرپكە كۆچۈپ، شىنجاڭدا ماكانلاشقان دەپ قارىسا، ئىككىنچى خىلدىكىلىرى، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىدىكى ھىنگان تاغلىرى (قىدىرقان تاغلىرى) دىن غەرپتە بالقاش كۆلىنىڭ بويىغىچە بولغان كەڭ تېرىتورىيەدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا (شىنجاڭ بۇنىڭ ئىچىدە) ئولتۇراقلاشقان قەدىمقى خەلق دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراش بار. بىرىنچى خىلى: ئۇيغۇرلار بىلەن ھۇنلار ۋە تۈركلەر قان - قېرىنداش دەپ قارىسا، ئىككىنچى خىلدىكىلىرى ھۇنلار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر قان - قېرىنداشلىق جەھەتتە بىر - بىرىگە مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايدۇ.

مەن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يۇقۇرىدىكى ئىككى خىل كۆز قاراشلار ھەققىدە ئۆز مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1 - ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ماكانلىرى ھەققىدە

ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىر تارمىقى بولۇپ، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئەمگەكچانلىقى، كۈرەشچانلىقى بىلەن شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەت.

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى «تۇرالار» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ جۇڭگونىڭ قەدىمقى تارىخىي كىتابلىرىدا پەقەت مىلادىدىن 3 ئەسىر بۇرۇنلا تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار شەرقتە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ غەرپتە ئېرتىش دەرياسى، بالقاش كۆلىنىڭ بويلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق بىپايان تېرىتورىيەدە ياشاپ بۇ جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى ھساپقا ئېلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ھازىرقى زاماندىكى غەرپ بۇرژۇئا تارىخچىلىرىنىڭ بىر قىسمى، شىنجاڭدا قەدىمقى زاماندا ياشىغان خەلقلەر ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان، ئېرقى

جەھەتتىن ئارىيان نەسلىگە (ئىرانلىقلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) مەنسۇپ بولغانلار ئىدى، دېيىشىدۇ. مەسىلەن: چاررۇسسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چوڭ جاسۇسى گ. گارژىمايلو بۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەڭ قەدىمقى دەۋردە پامىردىن تارتىپ ئۇنىڭ شەرقىغە (تارىم ئويمانلىقىنى دېمەكچى — ت) ئىرانلىقلار كېلىپ جايلاشقان. يەنە مەلۇم بىر مەزگىلگە كەلگەندە جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن خەنزۇلار بۇ يەرگە زومۇ - زو كەلگەن.»①

ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۇرپاننىڭ دەسلەپكى ئاھالىسى ئىرانلىقلار ئىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ئۇلارنى كېلىپ چىقىشى تۈركلەرگە مەنسۇپ بولغان خىلمۇ - خىل ئاھالە شەرق تەرەپتىن كېلىپ قىستاپ قويدى. نەتىجىدە تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان ئىرانلىقلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن كەلگەنلەر تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا كەتتى. بىر قىسمى ئۇلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ، مۇشۇ خىلدىكى دەرىجىگە يېتىپ، تىلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىرقىي پەرقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى.»②

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى بىلەن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، شىنجاڭ ۋە دۇڭخۇاڭغا كېلىپ، قەدىمقى زاماندىن ئوتتۇرا ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلار ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن لېكوك، شتەيىن قاتارلىق غەرب بۇرژۇئا ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشى گ. گارژىمايلو بىلەن ئوخشاش. قەدىمقى زاماندا تارىم ئويمانلىقىدا بارلىققا كەلگەن شانلىق مەدەنىيەتنى ئۇيغۇرلار ياراتقان بولماستىن، ئارىيان نەسلىگە مەنسۇپ بولغان خەلقلەر ياراتقان دېمەكچى بولىدۇ.

كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزدىكى بەزىبىر تارىخشۇناسلارمۇ يۇقۇرقىلارنىڭ سەپسەتىسىنى قۇۋۋەتلەپ، تارىخىي پاكىتلارغا خىلاپ ھالدا مۇنداق دېيىشىدۇ: «(تارىم ئويمانلىقى) مىلادىدىن كېيىنكى بىرىنچى مىڭ يىللىقنىڭ ئالدىنقى يېرىم مەزگىلى بىلەن ئۇنىڭدىن سەل كېيىن، بۇ يەردە ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان (قەشقەردىن خوتەن ئەتراپىغىچە) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھىندى - ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان («توخار تىلى» دەپ ئاتىلىدىغان) ئۇرۇق - قەبىلىلەر (ئاقسۇ، كۇچار، قاراشەھەر، تۇرپان ئەتراپلىرىدا) ياشىغان، بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمقى زاماندىكى فىشانشان دۆلىتى، نىيەدىن تارتىپ لوپنۇر ئەتراپىغىچە) مىللەتلەر، شۇنىڭ بىلەن بىللە تىبەت تىلىدا سۆزلىشىدىغان تىبەت قاتارلىق مىللەتلەر ياشىغان. تۈرك مىللىتى (قەدىمقى زاماندىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئېھتىمال 7 - 8 - ئەسىردىن كېيىن شىمالدىن بۇ يەرگە كەلگەن. بەلكى قەدەممۇ - قەدەملەپ شۇ يەرنىڭ ھوكۇمرانىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى باشقا قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى يېڭىپ ھوكۇمران ئورۇنىنى ئىگەللىگەن.» ③

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غەرپ بۇرژۇئا ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىغا ماسلاشتۇرۇلغان يوقۇرىدىكى ھۆكۈملەر توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر ئاساسلاندۇرغىنى كۇچار، قاراشەھەر رايونلىرىدىن تېپىلغان زور مىقتاردىكى سانسكرىت يېزىقى، قاروشتى يېزىقى (بۇ يېزىقلارنى قەدىمقى زامانلاردا ھىندىلار قوللانغان) بىلەن ھىندى تىلىدا يېزىلغان بۇددا تەلىماتىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت.

سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددا نامىلىرىنىڭ قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنداق ماتېرىياللار بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ ھىندى-ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئارىيان نەسلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستان ئارقىلىق بۇددا دىنى تارىم ئويمانلىقىدىكى خوتەن، كۇچار، قەشقەر، كېيىنرەك تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئايلانغان. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا بۇددا راھىبلىرى سانسكرىت يېزىقى بىلەن ھىندى تىلىدا يېزىلغان بۇددا نوملىرىنى ئوقۇغان، بۇنى خەلق چۈشەنمەيتتى، بۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دەستۇرى بولغان قۇرئان ۋە باشقا ئەقىدىلەر يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلار، ئەرەپ، پارس تىلىدا بولۇپ، بۇنى ئاز سانلىق دىنىي ئەربابلار چۈشىنىدىغان بولسىمۇ، ئاددىي خەلق بىۋاستە ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئەھۋال ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ مەسچىت، مەدرىسلەردە ئەرەپ، پارس تىلىدىكى ئىسلام ئەقىدىلىرىدە ۋەز ئېيتقانلىقى ۋە تالىپلارغا دەرس ئوتۇپ بەرگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنى ئەرەپ دېيىشكە بولمىغىنىدەك، قەدىمقى زاماندىكى ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنى ئىبادەتخانىلاردا سانسكرىت يېزىقى بىلەن يېزىلغان ھىندى تىلىدىكى بۇددا نوملاردىن ئەمىر-مەرۇپ قىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىمۇ ھىندى دېگىلى بولمايدۇ.

7-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر بۇددىست ۋە تەرجىمان شۈەنجۇاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ قەشقەر، خوتەن، كۇچار ئەترابلىرىدا قوللىنىلىۋاتقان يېزىق ھىندى يېزىقى بولۇپ، تىلى ھىندى تىلى ئەمەس، دەپ كۆرسەتكەن.

ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقىدا ياشاپ كەلگەنلىكىگە دائىر تارىخىي پاكىتلار ئۈستىدە توختىلىمەن. 1981-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى ئۇيغۇرچە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ بېتىدە بىر تارىخىي ماقالا بېسىلغان. ماقالىدا 1979-يىلى قىشتا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر ئېپتىدائىي قەۋرىستانلىقتىن ئىككى جەسەتنى تاپقانلىقى ئېيتىلغان. ماقالىدا بۇ جەسەتلەرنىڭ بىرى ياش ئايال، يەنە

بىرى كىچىك بالا بولۇپ، نەنجىڭ داشۆي جۇغراپىيە پاكولتېتىنىڭ كاربون 14 تەجرىبىخا-
نىسى، قەۋرىستانلىقتىن قېزىپ ئېلىنغان ياغاچلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق جەسەتلەر-
نىڭ بۇنىڭدىن 6412 يىل (117±) بۇرۇنقى جەسەت ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە
ئېنىقلاپ چىقىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغان بۇ، هازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكەت
بويىچە تېپىلغان ئەڭ قەدىمقى جەسەت ئۆلگىسى. شۇنداقلا دۇنيا بويىچىمۇ هازىرغىچە
تېپىلغان قەدىمقى جەسەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقى جەسەت ئۆلگىسى بولۇپ هىساپلىنىدۇ.

بۇ ئىككى قەدىمقى جەسەتنىڭ تېپىلغانلىقى، شىنجاڭ رايونىنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى ۋە شۇ زاماندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فىزىئونومىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە بۇ رايوننىڭ دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، هۈنەر - سەنئىتى، زىبۇ - زىننەت بويۇملىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

»بۇ جەسەتلەر يەر يۈزىدىن ئىگىزرەك قۇرغاق قۇم دۆۋىسىدىن قېزىپ ئېلىنغان ...... گورنىڭ ئىككى بېشىغا بىردىن ياغاچ قويۇلغان بولۇپ، يەر ئۈستىدىن كورۇنۇپ تۇرىدۇ. گور تىك قىلىپ قېزىلغان، جەسەتلەر گوردە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ تاختاي ۋە تاختاينىڭ ئۈستىگە قوي تېرىسى بىلەن چىغ توقۇلما يېپىلغان، جەسەت ناهايىتى قوپال توقۇلغان يۇڭ رەختكە ئورالغان بولۇپ، ئايال جەسەتنىڭ بېشىغا كىگىز تەلپەك كەيگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ سېرىق ئۇزۇن چاچلىرى دولىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، كوزلىرى يوغان، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، قاڭشالىق ........ بۇ قەدىمقى جەسەتلەر بىلەن بىللە قېزىپ ئېلىنغان ئاخىرەتلىكلەر ئىچىدە ناهايىتى نەپىس توقۇلغان چىغ سېۋەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە زىرائەت دانلىرى سېلىنغان، ئەمما بۇ دانلار چىرىپ ئۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بالا جەسىدى بىلەن بىللە كومۈلگەن چىغ سېۋەتتىن ئوز پېتى ساقلانغان بۇغداي چىقتى ......«

يوقۇرىدىكى ئىككى جەسەت ھەققىدىكى مەلۇمات كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ئانا يۇرتى، ئىرقى كېلىپ چىقىشى، مەدەنىيىتى قاتارلىق جىددى مەسىلىلەرگە كىشىنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاپ بېرىدۇ.

لوپنۇردىن چىققان ئىككى جەسەتنىڭ بۇندىن 6412 يىل ئىلگىرى دەپ قىلىنغانلىقى قەدىمقى زامانلاردىن بۇيان تارىم ئويمانلىقىدا، ئارىئانلار ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«قەدىمقى دۇنيا تارىخى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بۇندىن 4000 يىل بۇرۇن هازىرقى هىندىستاندا، هىندى - ياۋرۇپا تىل سېستىمىسىغا كىرىدىغان، تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئارىئان (ئارىلار) نەسلىگە مەنسۇپ بولغان هازىر-
قى هىندىلارنىڭ ئەجداتى ئەمەس، بەلكى باشقا ئىرىقىقا مەنسۇپ دىراۋىدىلار ياشىغان

www.uyghurkitap.com

ئىدى، بۇنىدىن 4000 يىل بۇرۇن ئىراندىن ئارىيانلار ھىندىستانغا بېسىپ كىرىپ، دىراۋىدىلارنى ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا سۈرۈۋەتكەن.

ھازىر جەنۇبىي ھىندىستاندا ياشايدىغان ئەشۇ دىراۋىدلارنىڭ سانى 50 مىليونغا يېتىدۇ. ئەگەر ئارىيانلارنىڭ ئىراندىن ھىندىستانغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھىندىستانغا چېگرىداش بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ (تارىم ئويمانلىقى) غا ئارىيانلار ھىندىستان ئارقىلىق ئۆتكەن دېيىلسە، بۇ پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى سېرىق چاچ، قاڭشالىق، بېشىغا كىگىز تەلپەك كەيگەن ئايال جەسىدىنىڭ 6412 يىل ئىلگىرى لوپنۇر ئەتراپىدا دەپنە قىلىنىشى، ئارىيانلار ئىراندىن ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشتىن 2500 يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار ئەجداتىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ياشاپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مانا شۇ پاكىت، بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ «ئۇيغۇرلار، 845 - يىلى موڭغۇلىيە دائىرىسىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن، ئۇنىدىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار يوق ئىدى» دېگەن قاراشلىرىنىمۇ رەت قىلىدۇ.

لوپنۇردىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنغان ۋاقتى، جەسەتنىڭ يۇڭ توقۇلما رەخت بىلەن ئورالغانلىقى، گوردىن ياغاچ تاختايلار، چىغ سېۋەت، ئوز پېتى ساقلىنىپ قالغان بۇغدايلارنىڭ چىقىشى، تارىم ۋادىسىدا مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى قەدىمقى چاغدىن باشلىنىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، قول ھونەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

لوپنۇردىن تېپىلغان جەسەتلەر ۋە باشقا بويۇملار، تارىخچى مورگاننىڭ «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدا كۆمۈلۈكتۇر. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر»① دېگەن كارامەتلىك ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ قەدىمقى مەدەنىيەتنىڭ سىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ئېچىش، ئانتروپولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، ئارخىئولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ جىددىي ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە.

بۇ يەردە يەنە بىر ئاز يىراقتىن گەپ ئاچقىنىمىزدا مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

مىلادىنىڭ 2 - ئەسىردە ياشىغان يۇنان ئالىمى پ. تولومى ئۆزىنىڭ ئون توملۇق «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدىكى «سېرىسلار دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) بابىدا ھازىرقى تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاساسىي يەرلىك خەلقنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ پىلە بېقىپ، يىپەك تىن نەپىس شايى - ئەتلەسلەرنى توقۇيدىغانلىقى،

① «تۈرك تارىخىنىڭ ئانا خەتلىرى» نىڭ بىرىنچى بېتىگە قاراڭ.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي شارائىتلىرى (تاغلىرى، دەريالىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

«ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى مەلۇماتقا⑧ ئاساسلانغاندا، 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۇنگۇس نەسلىدىن بولسىمۇ، خېلى دەرىجىدە تۈركلەشكەن، ياۋروپالىقلار «ئاۋارلار» دەپ ئاتىغان جۇرجانلار باش كۆتەردى. مانا شۇ جۇرجان تۈركلىرىنىڭ قاغانى شېرون (مىلادىنىڭ 400 - يىلىدىن 411 - يىلىغىچە قاغان بولغان) مىلادىنىڭ 400 - يىللىرى موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار، ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن خېلى كۈچەيدى. ئۇيغۇرلار جۇرجان قاغانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە مەجبۇر قىلىنغان بولسا، ئالتايدىكى تۈركلەر جۇرجانلار ئۈچۈن ھەربىي قوراللار ياساپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغان. چۈنكى، ئالتاي تۈركلىرى مېتال ئېرىتىپ تۈرلۈك قوراللارنى ياساشقا ناھايىتى ماھىر ئىدى.

جۇرجان قاغانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى ھازىرقى قاراشەھەرگىچە، غەربى ئىلى ۋادىسىغىچە، شەرقىي چاۋشەننىڭ غەربىگىچە، شىمالى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىغىچە، جەنۇبى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، پايتەختى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ئىدى.

مىلادىنىڭ 487 - يىلى موڭغۇلىيە دالىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بۆركلى (تۇماغلىق) قەبىلىسىنىڭ خانى ئاي ئوجرونىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇرجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى قىسمىغا (ھازىرقى جۇڭغار دالىسىغا) كۆچكەن. شۇ قېتىم ئالتاي ئارقىلىق شىنجاڭغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 600 مىڭ بولۇپ، 120 مىڭ ئائىلىدىن ئىبارەت ئىدى.

جۇرجان قاغانى تولۇن (487 - 492 يىللار) نۇرغۇن قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى، جەنۇبىي ئالتايدا بولغان ئۇرۇشتا ئۇيغۇر خانى ئاي ئوجرو جۇرجان قاغانى تولۇن قوشۇنلىرىنى تار - مار قىلدى، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېچىپ كەتكەن تولۇن قاغاننى جۇرجان ھۆكۈمرانلىرى ئۆلتۈرۈپ ئورنىغا ناغاينى قاغان قىلدى. ئۇيغۇرلار 487 - يىلى جۇرجانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، تارىختا «ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 546 - يىلىغىچە) بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ماناس ئەتراپلىرىدا بولۇپ، تېررىتورىيىسى شىمالدا ئالتاي، شەرقتە قۇمۇل، غەربتە سايرام كۆلى بويىغىچە، جەنۇبتا قاراشەھەر، لوپنۇر ئەتراپلىرىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، شىمالدا جۇرجانلار بىلەن، قاراشەھەر ئەتراپلىرىدا ئاق ھونلار بىلەن، لوپنۇر

www.uyghurkitap.com

ئەتراپلىرىدا تويغۇنلار (تىبەت خانلىقى) بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان. «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى ماتېرىياللاردا ① ئۇيغۇرلارنىڭ 845 - يىلى موڭغۇلىيە دالىسىدىن غەرپكە كۆچۈشلىرىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان.

200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر قاغانلىقى 646 - يىلىدىن 845 - يىلىغا كەلگەندە ئىچكى ئۇرۇشلار، قىرغىزلارنىڭ ئىسيان كۆتىرىشى قاتارلىق ھەركەتلەر (ھەربىي ۋەزىر تولۇق باغانىڭ قىرغىزلارنى ئىسيان كۆتىرىشكە كۈشكۈرتىشى) قارىنىڭ قاتتىق يېغىپ، چارۋا ماللارنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشى، ۋابا كېسىلىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئادەملەرنىڭ نابۇت بولۇشى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەت، سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۆلەت ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەندى. مانا مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىر نەچچە يۆنىلىشكە تاراپ موڭغۇل دالىسىدىن كۆچۈشكە باشلىدى.

ئوكى تىگىن، ئىنەن تىگىن باشچىلىقىدىكى جەنۇپقا قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلار خېيي، سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىغا يېقىنلاپ كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىنى ئالغاندىن كېيىن يەنە شىمالغا قايتىپ ئۆز قاغانلىقىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇلدۇرۇپ ئالماقچى بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىن ھالاك بولدى. بۇلار 300 مىڭ كىشى ئۇپچۇرىسىدە ئىدى.

غەرپكە قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى يەتتەسۇ ۋە ھازىرقى قىرغىزىستان رايونلىرىغا بېرىپ ماكانلىشىپ، ئۆزگىرىندىشى بولغان قارلۇقلارغا قوشۇلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا كېلىپ، خانلىق قۇردى. بۇ خانلىق 870 - يىلدىن 1031 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرۈپ، تاڭغۇت خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. كېيىن ئۇلار (سانى 200 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى) تاڭغۇتلار (تىبەت) ۋە خەنزۇلاردىن سان جەھەتتىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن بارا - بارا ئۇلارغا سىڭىپ كەتتى.

غەرپكە قاراپ كۆچكەن يەنە بىر تارمىقى 15 ياشلىق ئورخۇن شاھزادىسى پان تىگىن يېتەكچىلىكىدە ئالتاي بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ماكانلىشىپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ سىياسى مەركىزىنى بەش بالىق قىلىپ بەلگىلىدى. پان تىگىننىڭ تالانتلىق ھەربىي سەركەردىسى بۇكوقۇن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تىبەتلىكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلارنى دەسلەپ شىمالى شىنجاڭدىن، كېيىن تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچار قاتارلىق جايلاردىن قوغلاپ چىقاردى. شاھزادە پان تىگىن شۇ غەلىبە ئاساسىدا، ئۇيغۇر سەركەردىسى بۇكوقۇننىڭ ساداقەت بىلەن يار - يۆلەكتە بولۇشىغا تايىنىپ مىلا-

دىنىڭ 850 - يىلى مەشھۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى (850 - 1250 يىللار ھوكۇم سۈرگەن) ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق، قىشلىق پايتەختى تۇرپان قاراغوجىدىكى ئىدىقۇت شەھرى ئىدى.

شاھزادە پانتېگىن باشچىلىقىدىكى غەرپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىن كۆپ دېگەندە، 200 مىڭ كىشى تارىم ئويمانلىقىغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئىككى خەن يىلنامىسىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، دەل شۇ چاغدا، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ياندىش بولغان جايلاردىكى ئاھالىنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. موڭغۇلىيە دالىسىدىن كۆچكەن ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر ئارقىدا بولۇپ، مانى دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى.

ئەگەر غەرپ بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرىنىڭ قارىشى بويىچە 845 - يىلى موڭغۇلىيە دالىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشىدىن بۇرۇن ئەسلى شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار يوق دېيىلىدىغان بولسا، موڭغۇلىيە دالىسىدىن كۆچكەن ئۇيغۇرلار، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىغا قارىغاندا، سان جەھەتتىن بىر نەچچە ھەسسە ئاز، مەدەنىيەت جەھەتتىن بىر قەدەر تۆۋەن، دىنىي ئېتىقادى باشقا تۇرۇغلۇق، قانداق قىلىپ ئۇلارنى (شىنجاڭدىكى ئاھالىنى) ئۇيغۇرلاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ؟

شۇنىسى ئېنىقكى، موڭغۇلىيەدىن كۆچكەن ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا كېلىپ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلغانلىقى ئۈچۈنلا قۇدرەتلىنىپ، تېز ئارىدىلا تىبەتلىكلەرنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئىدىقۇت خانلىقىنى قۇرالىغان.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىشەنچلىك پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەڭ قەدىمقى ۋە ئەسلى خەلقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك بولسا كېرەك.

## 2 - ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

ئۇيغۇرلار كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن تۇرالارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ھونلار، تۈركلەر بىلەن قان قېرىنداش ئىدى. ئۇلار تىل جەھەتتە ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈرك تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

قەدىمقى چاغلاردا ھۇن ياكى تۈرك دەپ ئاتالغان خەلقلەر ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشىغان ئىدى. ئارخېئولوگىك قېزىشلار نەتىجىسىدە ئالتاي تاغلىرىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى چاغلارغا دائىر نۇرغۇن قەۋرىلەر تېپىلغان، بۇ قەۋرىلەردىن چىققان ھۇنلار ۋە تۈركلەرنىڭ جەسەتلىرى ناھايىتى ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇستىخانلىق ئادەملەردىن بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسكىلىتلىرى بىلەن ئوخشاش، ئۇلار قاڭشالىق، يۈزلىرى ئاق سوزۇق، قاۋۇل ئىدى.

ھۇنلارنىڭ ئېگىز بويى، قاۋۇللىقى، چىرايى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنى قېدىمقى جۇڭگو تارىخىدىكى مەلۇماتلارمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«خەن يىلنامىسى» دىكى «چىڭمىدى ھەققىدە قىسسە» بابىدا، ھۇن شاھزادىسى چىڭمىدىنىڭ بويى سەككىز چى ئىككى سۇڭ. بۇنى ھازىرقى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمىدىكى مېتىرغا سۇندۇرغاندا، ئىككى مېتىر سەكسەن سانتىمېتىر بولىدۇ. بۇ پاكىت ئالتاي تاغلىرىدىكى ھۇن قەۋرىلىرىدىن تېپىلغان ھۇن جەسەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئېگىز بويى، قاۋۇل ئادەملەر ئىكەنلىكىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن 1955 - 1957 - يىللىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ھازىرقى شىئەن شەھىرى ئەتراپىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت شاگلىڭغەن دېگەن جايدىن 140 - نومۇرلۇق ئالاھىدە بىر قەۋرە تېپىلغان. بۇ قەۋرىگە دەپنە قىلىنغان ئۆلۈك بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك نەرسىلەر ئىچىدىن ئىككى پارچە تۆرت چاسا مىس تاختاي چىققان. مىس تاختايغا ئىككى نەپەر ئادەم، ئىككى ئاتنىڭ سۈرەتلىرى نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. ئىككى ئادەم بىر - بىرىنىڭ بېلى ھەم پاقالچىقىدىن تۇتۇشۇپ، چېلىشىۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇشقان. ئۇلار قاڭشالىق، يايما چاچ بولۇپ، پاقالچەكلىرى ئورالغان ئىشتان كىيىشكەن [12] ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى بۇ قەۋرىدىن چىققان كىشلەرنى ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ياكى ئەلچىنىڭ ھەمراھلىرى دەپ بېكىتكەن. بۇ قەۋرىدە تېپىلغان نەرسىلەر ھۇنلارنىڭ چاچ قويۇش شەكلى، كىيىنىشلىرى، چىرايى، چېلىشىش ئادەتلىرى بىلەن قىياپەتلىرىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

1972 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىك خىزمەتچىلىرى تۇرپان ناھىيىسىدىكى ئاستانە قەۋرىستانلىقىدىن بەشىنچى ئەسىردىكى تۇرپان ۋالىسى، ھۇن شاھزادىسى قۇتقۇپانتاينىڭ قەۋرىسىنى تاپقان.

مىلادىنىڭ 445 - يىلى قۇتقۇ پانتاي دەپنە قىلىنغان قەۋرىدىن لايدىن ياسالغان تۆرت بۇت تېپىلغان، بۇتلار پىشاق بىلەن قىرىپ ياسالغان بولۇپ، ئاددى، جانلىق. بۇتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يۈزلىرى سوزۇنچاغراق، قاڭشالىق يايما چاچ. [13] مۇشۇ لاي بۇتلارمۇ ھۇنلارنىڭ قىياپىتىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، شىئەن ئەتراپىدىكى شاگلىڭغەن دېگەن جايدىن تېپىلغان مىس تاختايغا چۈشۈرۈلگەن ھۇنلارنىڭ قىياپەتلىرى بىلەن ئوخشاش.

قۇتقۇ پانتاي گەنسۇدا قۇرۇلغان ھۇن خانلىقى (مىلادىنىڭ 397 - يىلىدىن 460 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ مەشھۇر خانى قۇتقۇمونسۇننىڭ ئوغلى ئىدى.

قۇتقۇزمونسۇن ھوكۇمرانلىق قىلغان چاغدا (مىلادىنىڭ 400 - يىلىدىن 432 - يىلىغىچە) ھۇن خانلىقى تازا كۈچەيگەن بولۇپ، خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى دائىرىسىگە گەنسۇنىڭ غەربىي كارىدورى، كوكنۇرنىڭ (چىڭخەي) بىر قىسمى، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى (تۇرپان بۇنىڭ ئىچىدە) مۇ كىرگەن ئىدى.

ۋېي سۇلالىسى (مىلادى 385 - يىلىدىن 534 - يىلىغىچە) نىڭ تارىخى بولغان «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا، «ئېگىز ھارۋىلىقلار (ئۇيغۇرلار) قەدىمقى چاغدىكى قىزىل تۇرالارنىڭ (تورا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ئىدى) نەسلىدىن ئىدى. باشتا ئۇلار تۇرالار دەپ ئاتالغان، شىماللىقلار (شىمالىي سۇلالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۇلارنى ئېگىز ھارۋىلىق تۇرالار دەپ ئاتاشقان، ئۇلارنىڭ تىلى ھۇنلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بەزىدە ئازراق پەرقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى ھۇنلارنىڭ جىيەنى ئىدى» دېيىلگەن.

قەدىمقى زامانلاردا، ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيە دالىسىنىڭ ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيە شارائىتىنى (يايلاق، دالا، چۆل، قۇملۇق) ھېسابقا ئېلىپ ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى تارىخچىلار ئېگىز ھارۋىلۇق تۇرالار دەپ ئاتاشقان.

مىلادىنىڭ 90 - يىللىرى ئۆز ئارا داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇشلار، دۈشمەن ئەللەرنىڭ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قىلغان ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ھۇنلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى موڭغۇلىيە دالىسىدىن غەرپكە قاراپ كۆچۈپ، غەربىي ئاسىيا تەرەپكە كەتكەن. شۇ چاغدا ھازىرقى كۇچارنىڭ شىمالىدىكى (توققۇز تارا، تىكەس ئەتراپلىرى) جايلاردا، غەرپكە كۆچكەن ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى ئولتۇراقلىشىپ قالغان، مانا شۇ ھۇنلار «مىلادىنىڭ بەشىنچى، ئالتىنچى ئەسىرىدە زابىندىرلار دۆلىتى دەپ ئاتالغان بىر كىچىك دۆلەت قۇرغان. شىمالىي سۇلالىلار تارىخىنىڭ «غەرپ ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» بابىدا «بۇ دۆلەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، تىلى ئېگىز ھارۋىلىقلار بىلەن ئوخشاش ئىدى» دېيىلگەن.

سۈي سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 581 - يىلىدىن 618 - يىللار) نىڭ تارىخى بولغان «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» دا ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى بولغان تۇرالارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ) 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، جايلاشقان ئورۇنلىرى، ناملىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە خېلى ئېنىق تەپسىلىي مەلۇمات بار. «تۇرالارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرى ناھايىتى نۇرغۇن»⑯ تۇرالارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى ناملىرىنى «سۈي يىلنامىسى» غا ئاساسلىنىپ مۇنداق بايان قىلىشقا بولىدۇ.

① بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا، تۇبا قەبىلىسى ياشايدۇ، ② موڭغۇلىيىدىكى توغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا بوكو، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، بوركىلى، ئەركىن، مۇنچىن، تورە، ئىزگۈل، قۇن، خوغۇرسۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ياشايدۇ ...... ③ قۇمۇلنىڭ غەربىدىن

تارتىپ، قاراشەھەرنىڭ شىمالىدىكى تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىدا، قالپاقلار، يورچىلار، ئازىيلار، سىغىناقلار، ئوغۇزلار، قىرغىزلار، ...... ئونخورلار ياشايدۇ. ④ ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، سۇر تاردۇشلار، چەرۇقلار، زابىندىرلار، تۈرگەشلەر ياشايدۇ. ⑤ قاڭلىنىڭ شىمالىدا، (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا) ئىدىل (ۋولگا) دەرياسىنىڭ بويلىرىدا، ئادىزلار، ھازارلار، بۇلغارلار، قىپچىنەكلەر، قىپچاقلار، سۋارلار، بورتاسلار ياشايدۇ. ⑥ كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە، سارىغۇرلار، سانسۇيانلار، مۇكشالار، چىركەسلەر ...... ياشايدۇ. شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىدە ئوغۇزلار، ئالانلار، باشقۇردلار ...... ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتىلىشى ھەر خىل بولسىمۇ ئورتاق نامى تۇرالار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار جايلاشقان ئورۇنلىرىغا قاراپ، شەرقتىكىلىرى شەرقىي تۈركلەرگە، غەربتىكىلىرى غەربىي تۈركلەرگە قارايدۇ ⑰

مانا بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، تۇرالارنىڭ تارقىلىپ ياشىغان جايلىرى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، غەربتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىدىن تارتىپ شەرقىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق موڭغۇلىيە ۋە بايقال كۆللىرىنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان.

يۇقۇرىدىكى پاكىتلار يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار بىلەن ھونلار ۋە تۈركلەرنىڭ قان قېرىنداشلىقىنى ئىسپاتلاشتا ناھايىتى يۇقۇرى قىممەتكە ئىگە.

«كونا تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى» دا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى ھونلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى، كېيىن ۋېي سۇلالىسى زامانىسىدا، تۇرالار دەپ ئاتالدى» ⑱ دېيىلگەن. مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىدىن قارىغاندا قان سىستېمىسى جەھەتتىن ئۆز ئارا يېقىن كېلىدىغان ئۇرۇغلار بىرلىشىپ قەبىلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بولسا، يەنە قان سىستېمىسى، تىلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى جەھەتتىن ئۆز ئارا بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان قەبىلىلەر بىرلىشىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ئەگەر شۇنىڭ ئىچىدە، مەلۇم بىر قەبىلە كۈچلۈك بولسا (سان جەھەتتىن كۆپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن بولسا) قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. شۇ قەبىلىنىڭ نامى باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامىغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا، سان جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن جەڭگىۋار بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامى شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالارنىڭ ئورتاق نامى بولغانلىقى تەسادىپىي ئەمەس. مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردىن تارتىپ، مىلادىيىنىڭ 6 - ئەسىرىگىچە ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە موڭغۇلىيىدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ نامى تۇرالار دەپ يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن بولسا، 7 - ئەسىردە موڭغۇلىيىدىكى شەرقىي تۇرالار بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئەتراپلىرى ۋە ئۇنىڭ غەربىدە ياشىغان غەربىي تۇرالارنىڭ نامى ئۇيغۇر دەپ ئاتالدىغان بولغان.

جۇ سۇلالىسى (مىلادىيىنىڭ 557 - يىلىدىن 587 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تارىخى بولغان «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى» دا «تۈركلەر ھونلارنىڭ ئالاھىدە بىر نەسلى ئىدى.» ⑱ دېيىلگەن.

مىلادىنىڭ 735 - يىلى قۇتلۇق ئىلتېرىش قاغانلىقىنىڭ (مىلادىنىڭ 681 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 743 - يىلىغىچە) قاغانى بىلگە قاغان (مىلادىنىڭ 716 - يىلىدىن 735 - يىلىغىچە) خاتىرىسىگە ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا مەر - مەر تاشتىن قويۇلغان يادىكارلىقىدا „توققۇز ئوغۇزلار مەن بىلەن نەسىلداش ئىدى.“⑲ دېيىلگەن. يادىكارلىقتا ئېيتىلغان «توققۇز ئوغۇزلار» دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە) شەرقىي ئۇيغۇرلار «توققۇز ئوغۇز»، «توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنەتتى.

يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت مىلادىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ساياھىتىدە، ئۇ يەردە كۆرگەن بىر ئېرقىنى «تۈرك» دەپ يازغان ⑳ كېيىنكى تارىخ ئالىملىرى ھېرودوتنىڭ شۇ سۆزىنى توغرا دەپ ھېساپلىغان. مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدە ياشىغان روما تارىخچىسى ئاتتالاتا «سكىفلەر بىلەن تۈركلەر بىر ئېرقىدۇر»㉑ دېگەن،

مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان يۇنان تارىخچىلىرى غەرپتە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن تارتىپ، شەرقتە ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان چەكسىز تېررىتورىيىدە ياشىغان خەلقلەرنى «سكىفلەر» دەپ ئاتىغان.

«تارىخنامە»، «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى غەرپ ئەللىرى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتتىمۇ، ھۇنلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، قاڭقىللار، ئالانلار (كاسپىي دېڭىزنىڭ شىمالىدا) نىڭ ئۆرپ ئادەتلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ئېيتىلغان.

مانا مۇشۇ يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان خەلقلەر قېدىمقى زاماندا، قان قېرىنداشلىقى، تىل، ئۆرپ - ئادەتلىرى جەھەتلەردىن بىر - بىرىگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ ھۇنلار، تۈركلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئومۇمەن تۈركىي خەلقلەردە كىشى ئۆلسە چېكىسىنى تىلىپ، قان چىقىرىپ پەريات چېكىش، مەرھۇمنىڭ ئاياللىنى، مىنگەن ئېتىنى بىللە دەپنە قىلىش، مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا، قانچە دۈشمەن ئۆلتۈرگەن بولسا قەۋرىسىگە شۇنچە تاش قويۇش ئادەتلىرى بار ئىدى.

مىلادىنىڭ 570 - يىلى، كونستانتىنوپولدىن ئىلىدىكى تېكەس يايلىقىغا كەلگەن شەرقىي روما ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەلچىلىرى قاغان ئىستېمى خاننىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بۇ ھەقتە، 6 - ئەسىردە ياشىغان شەرقىي روما تارىخچىسى مىناندېرنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، „مەرھۇم ئىستېمى قاغاننىڭ ئوغلى تاردۇخان بىر نەچچە ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ دادىسى بىلەن بىللە كۆمۈشتىن ئىلگىرى، دادىسىغا يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئەسىرلەرنىڭ قۇلىقىغا نىمىدۇ بىر نىمىلەرنى پىچىرلىغان ئىكەن.“ ㉒ دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

757 - يىلى تاڭ پادىشاسى تاڭ شاۋزوڭنىڭ كىچىك قىزى مەلىكە نىڭگو، ئۇيغۇر قاغانى ئېلخان (مىلادىنىڭ 747 - يىلىدىن 759 - يىلىغىچە قاغان بولغان) غا ياتلىق قىلىنغان. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپلا 759 - يىلى ئېلخان ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇيغۇرلار ئېلخاننى دەپنە قىلىدىغان چاغدا، ئۆز ئۆرپ - ئادىتى بويىچە، مەلىكە نىڭگونى ئېلخان بىلەن بىللە كۆمۈشكە ئۇرۇنغان. تاڭ مەلىكىسى نىڭگو، ئارىلىقنى يىراق كۆرەي ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق بولغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ، تىرىكلا كۆمۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالغان، لېكىن مەلىكە نىڭگو چىكىسىنى تىلىپ، قان ئاقۇزۇپ، ئىسكەپ يىغلاپ، ئۇيغۇر قاغانى ئېلخانغا ماتەم تۇتقان.

تۈركىي خەلقلەردە باتۇرلۇقنى ھۆرمەتلەش ئومۇملاشقان ئادەت بولۇپ، مەسىلەن: ھۇنلار ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشۈرگەنلەرنى جەڭچى ھېساپلىغان بولسا، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر، بوراندەك ئۇچقۇر ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ئوقيانى نىشانغا تەككۈزگەنلەرنى جەڭچى ھېساپلىغان. ئۇچار قۇشلار ئىچىدە ناھايىتى تېز ئۇچىدىغان قاناتلىق شۇڭقار بولۇپ، ئۇنى ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا ئېتىش ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ، بۇ ئىش ھۇنلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىدى. باتۇرلۇقنى ھۆرمەتلەش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، تۈركىي خەلقلەر قىزلىرى باتۇر يىگىتلەرنى ئۆزىگە جورا قىلىشنى ئىشقى - مۇھەببىتىنىڭ، بىرەر يىگىتكە ياتلىق بولۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى قىلغان.

ھۇنلار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر دىنىي ئېتىقات جەھەتتىن شامانىزىمغا ئېتىقات قىلىشاتتى. شۇنداقلا بۆرىنى مۇقەددەس ھېساپلاپ، ئۇنى بەختنىڭ ئالامىتى، دەيدىغان تۇتېمىزىمغا ئىشىنەتتى. «ئوغۇز داستانى»، «ئېگىز ھارۇلىقلار ھەققىدە قىسسە»، «ئەرگىنە قۇن» داستانى قاتارلىق يىلنامە، داستانلاردىكى بۆرى ھەققىدىكى ئەپسانىلار، مانا شۇ بۆرى تۇتېمى ھەققىدىكى ئېتىقاتنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقۇرىدا، ھۇن، ئۇيغۇر، تۈركلەرنىڭ نەسلى خۇسۇسىيەتلىرى، تىلى، ئۆرپ ئادەتلىرى، تۇتېم ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاشلىقى ھەققىدە كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار، ئۇلارنىڭ قان - قېرىنداشلىقىنى، ئېرقى جەھەتتىن سېرىق تەنلىك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا بولسا كېرەك.

بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىنى بىر خىل قان سېستىمىسىغا باغلاپ چۈشەندۈرمەكچى بولۇش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ رەسمىي بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگىچە، شەرقتىكى موڭغۇل، مانجۇ نەسلىلىك خەلقلەردىن سىيانپىلار، جۇرجانلار، كىدانلار (مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن كېيىنكى 6 - ئەسىرگىچە) بىلەن گەنسۇ ئەتراپلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدا (7 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە) تارىخىي سەۋەپلەرگە بىنائەن تىبەت، خەنزۇلار بىلەن، 13 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرگىچە موڭغۇللار بىلەن ئارىلى-

شىپ چېتىشىپ كېتىدۇ. لېكىن كونكرېت تارىخىي شارائىتتا، مەلۇم رايونلاردا، سىيانپىلار، جۇرجانلار، كىدانلار، تىبەتلەر، موڭغۇللار، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن سان جەھەتتىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئاسمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار سېرىق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ بولغانلار بىلەن قان سىستېمىسى جەھەتتىن چېتىشقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قېدىمقى ئەجداتلىرىغا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاپ قالغان.

قان - قېرىنداشلىق جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولغان ھۇنلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، قاڭقىلار، ئالانلار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەرنىڭ شەرقتىكى موڭغۇل نەسلىگە مەنسۇپ بولغان خەلقلەر بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئارىئان نەسلىگە مەنسۇپ بولغان خەلقلەر بىلەن ئۆز ئارا چېتىشىپ سىڭىشىپ كېتىشتىن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان، قان - قېرىنداشلىقى جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان نۇرغۇن تۈركىي مىللەتلەر كېلىپ چىققان.

مەسىلەن: ئۇلار، شەرقىي سىبىرىيىدىكى لېنا دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان خاكاسلار (قېدىمقى قىرغىزلارنىڭ ئەۋلادى)، گەنسۇدىكى سالالار، سېرىق ئۇيغۇرلار، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار، قازاقلار، قىرغىزلار، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېكلەر، باشقۇردلار، تاتارلار، قازاقلار، قىرغىزلار، تۈركمەنلەر، موردۋالار، چۇۋاشلار، ئۇكرائىنادىكى قالاچلار، كاۋكازدىكى چېركەسلەر، داغىستان تاتارلىرى، كاۋكاز - ئىران، ئىراقتىكى ئەزەربەيجانلار، ئىراندىكى قالاچلار، ئافغانىستاندىكى ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەر، موغۇللار، توركىيە تۈركلەرىدىن ئىبارەت.

يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈركىي خەلقلەر ئاسىيادىكى كوپلىگەن دولەتلەردە ياشىسىمۇ، جۇغراپىيە جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ياشىغان تېررىتورىيىسى، ئاسىيانىڭ شەرقىدىن غەربىگە ۋە غەربىي جەنۇبىغا قاراپ بىر تۇتاش ھالدا سوزۇلۇپ كەتكەن.

---

ئىزاھلار

① گ. گارژىمايلو. «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا ساياھەت خاتىرىسى» دىكى «ئۇرۇمچى ھەققىدە» دىگەن بابىدىن ئېلىندى.

② گ. گارژىمايلو، «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا ساياھەت خاتىرىسى» دىكى «تۇرپان ھەققىدە» دىگەن بابىدىن ئېلىندى.

③ «قېدىمقى دەۋردىكى تۈرك يازما ھوججەتلىرى توپلىمى» 1978 - يىلى مەركىزى مىللەتلەر شۇيۈەنى مىللەتلەر تىل پاكولتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.

④ شۆەنجۇاڭ. «ئۇلۇغ تاڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ 12 - جىلدىغا قارالسۇن.

⑤ «قېدىمقى دۇنيا تارىخى» رۇسچە 63 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

⑥ فەنخۇا «كېيىنكى خەن سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى بەنلياڭ ھەققىدە قىسسە» 47 - بەت.

⑦ «جوڭگو بىلەن غەرپ ئەللىرى ئارىسىدىكى قاتناش تارىخىنىڭ ماتېرىياللىرى» 56 - 55 - 54 - بەتلەر

⑧ ۋېيشۇ. «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى؛ «جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» بابلىرىغا قارالسۇن.

⑨ «يېڭى تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى» 217 - جىلد «ئۇيغۇر ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

⑩ بەنگو. «خەن سۇلالىسى» دىكى «غەربى زىمىن ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

⑪ بەنگو «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «چىگىملىدى ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

⑫ 1954 - يىلىدىكى «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 10 - سانىدىكى «1955 - يىلى ۋە 1957 - يىلى شەنشىنىڭ گاڭئەن ئەتىراپىدىكى پونشى دىگەن جايىدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىشلار ھەققىدە قىسقىچە خەۋەر» ناملىق ماقالە بىلەن 1962 - يىلى ئارخېئو-لوگىيە تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «پونشى دىگەن جايىدا ئېلىپ بېرىل-غان قېزىشلار ھەققىدە مەلۇمات» ناملىق كىتاپنىڭ 138 - بېتىدىن 140 - بېتىگىچە قارالسۇن.

⑬ 1977 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە تىلدا نەشر قىلغان «شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى ماقالىلار توپلىمى» ناملىق كىتاپنىڭ 47 - بېتىگە قارالسۇن.

⑭ ۋېيشۇ، «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

⑮ ماچاڭشۇ. «شىمالى تۇرالار ۋە ھۇنلار» خەنزۇچە 47 - بەتكە قارالسۇن.

⑯ ⑰ «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى، «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابى، خەنزۇچە 601 - ۋە 602 - بەتكە قارالسۇن.

⑱ «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «تۇركلەر ھەققىدە قىسسە» بابى، خەنزۇچە 257 - بەتكە قارالسۇن.

⑲ ماچاڭشو. «تۇركلەر ۋە تۇرك قاغانلىقى» خەنزۇچە 5 - بەتكە قارالسۇن.

⑳ ㉑ «تۇرك تارىخىنىڭ ئانا خەتلىرى» ئۇيغۇرچە 20 -، 21 - بەتلەرگە قارالسۇن.

㉒ «ئۇزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۇزبەكچە 144 - بەتكە قارالسۇن.

# يىپەك ئېلى - خوتەن توغرىسىدا

قاسىم ئارىش

(1)

خوتەن — دۇنياغا مەشھۇر قاش تېشى ۋەتىنى ۋە مەملىكىتىمىز بويىچە يىپەك چىقىدىغان ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ مۇھىم جايلارنىڭ بىرى.

خوتەن قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر چوڭ بوستانلىق، يېرى كەڭ ۋە مۇنبەت، ئىقلىمى ئىللىق. تۈت دەرىخى ئۆستۈرۈش ۋە پىلە بېقىش ئۈچۈن شارائىتى قۇلاي بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەپسىرات» دېگەن كىتاپتا: «شىنجاڭدىكى خوتەن ئۇيغۇرلىرى پىلە بېقىش، مەشۇت تارتىش ۋە شايى توقۇشنى بىلىدۇ. باشقا يەرلەردە تۈت دەرىخى بولسىمۇ، يىپىشكە ئىشلىتىدۇ»① دېيىلگەن. «غەربىي رايون توغرىسىدا خاتىرىلەر» دېگەن كىتاپتا (2 - جىلد): «خوتەندە ياۋا پىلە ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭدىن توقۇلغان شايى، ئەتلەس، چۇچۇنچىلەر ئىنتايىن پىششىق، پارقىراق ۋە ئېسىل بولىدۇ» دېيىلگەن. «سۇڭ مۇنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى» دېگەن كىتاپتا يېزىلىشىچە: «ئۇيغۇرلار يىپەك چىقىرىدۇ، مەشۇت يىپ تارتىدۇ، رەڭدار يىپەك كىيىم كىيىدۇ، يەنە كالاۋتۇن ئىشلەشكىمۇ ماھىر بولغان. خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئەنە شۇ كالاۋتۇن بىلەن كىمخاپ توقۇش سەنئىتىنى ئىجات قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقان ۋە ئەتراپىدىكى جايلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق كالاۋتۇن زەرىپ قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ، بۇنىڭدىن توقۇلغان يىپەك توقۇلما ماللار جۇلالىنىپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ». ئۈرۈمچى، لوپنۇر قەۋرىلىرىدىن مانا شۇنداق كالاۋتۇندىن توقۇلغان ماللار ۋە نەپىس كەشتىلەر تېپىلغان.② ئۇيغۇر خەلقى كالاۋتۇن توقۇلمىسىنى «زەر تاۋار»، «كىمخاپ» دەپ ئاتايدۇ.

XIII ئەسىردىن كېيىن يۈەن سۇلالىسى بۇ يېڭى ھۈنەر - سەنئەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇپ، مەخسۇس خانلارغا خاس كىمخاپ توقۇش ئۈچۈن «بەشبالىقتا كىمخاپ

---

① «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەپسىرات» 2 - جىلد.

② «شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) خەنزۇچە، 1980 - يىل 3 - سان، «قەدىمقى غەربىي - شىمال مىللەتلىرىنىڭ «يىپەك يولى» دىكى تۆھپىسى» 93 - بەت.

كارخانىسى قۇرغان». ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ خوتەن رايونىدىن 300 دىن ئۇشۇق ئۆيلۈك كىمخاپ توقۇمىچىلىق ماھىرلىرىنى گەنسۇ ئەنخۇا ئەتراپىغا يوتكەپ ئايرىم كىمخاپ كارخانىسى قۇرغان.① مانا بۇ كىمخاپ توقۇش ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىش ئەھۋالىنى كورسىتىپ بېرىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەركىزىي ھوكۈمەتنىڭ پايدىلىق شەرت-شارايىت يارىتىپ بەرگەنلىكىنىمۇ ئۇقتۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار يىپەك بىلەن پاختىنى ئارىلاشتۇرۇپ رەخت توقۇش سەنئىتىنى ئىجات قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن يىپەك ماللارنى — ئۇيغۇر كىمخابى، ئاقسۇ شايىسى، خوتەن زەر تاۋىرى قاتارلىق ناملار بىلەن غەرب ۋە شەرق بازارلىرىغا ئاپىرىپ ساتقان ۋە خەلقارا بازارنى جانلاندۇرغان.

«ئۇلۇق تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتاپتا: «كىستانە② دولىتىدە...... يىرىك شايىدىن چاپان كىيىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ، كىمخاپنى نەزەردە تۇتسا كېرەك. دېمەك، خوتەندە يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن راۋاجلانغانلىقىنى كورسىتىدۇ.

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، يەرلىك ئاھالىنىڭ يىپەك رەختتىن كىيىم-كېچەك كىيىش، يىپەكتە ئىشلەنگەن تۈرمۇش بۇيۇملىرىنى ياخشى كورۈشتەك ئېتنوگرافىيىلىك ئادەت ۋە ئېھتىياجى، يىپەكچىلىك سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى مەلۇم.

يېقىندىن بۇيان بەزى ئالىملار قېدىمقى خوتەننىڭ يىپەكچىلىك سانائىتى توغرىسىدا سوز قىلغاندا، ھامان تارىختا ئۆتكەن شۈەنجۇاڭنىڭ «ئۇلۇق تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتاۋىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. شۈەنجۇاڭ (602 - 664) غەربىي رايون ۋە ھىندىستاننى ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئۆزى ھېچقانداق كىتاپ يازغان ئەمەس. ئۇ، لوياڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كورگەن-بىلگەن، باشتىن كوچۈرگەنلىرىنى بىيەنجىگە ئېيتىپ بەرگەن ۋە بىيەنجىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن ئىككىسىنىڭ نامىدا يۇقۇرقى كىتاپ ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ كىتاپتا شۈەنجۇاڭنىڭ ھىندىستان ۋە شىزاڭ رىۋايەتلىرى ئاساسىدا ئېيتىپ بېرىشى بويىچە پىلە قۇرۇتىنىڭ تۇخۇمنى دەسلەپ خوتەنگە شەرق مەلىكىسى تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەنلىكى يېزىلغان. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، شەرق مەلىكىسى باش كىيىمىنىڭ ئىچىگە يىپەك قۇرۇتى تۇخۇمىنى يوشۇرۇپ ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنى ئۇستۇرگەننى كورگەن ۋەزىرلەر پادىشاغا: بۇ قۇرۇتلارنى كويدۇرۇۋېتەيلى، بولمىسا، ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئەمما مەلىكە ئۇنى يەنە يوشۇرۇن ئۇستۇرۇپ يىپەك كىيىم-كېچەك توقۇتۇپ كىيىپ پادىشاغا كورسە

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 38 - جىلد.

② كىستانە - خوتەن.

تىندۇ، پادىشا پۇشايمان قىلىپ بۇددا راھىبى شامىن (Sangasha) نىڭ ئالدىدا ئىستىغپار ئوقۇپ Potlya ۋە M-dza غا ئىككى مۇنار ۋە ئىككى بۇتخانا (Vihara - 伽蓝) سالدۇرىدۇ.①

فىرانسىيىلىك ئارخېئولوگ ستېيىن «قەدىمقى ئاسىيانىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرى» ناملىق كىتاۋىدا (230 - بەت) ئېيتىشىچە، ئۇ، Kumi - Shahidan دىگەن يەردىن مۇشۇ بۇتخانا خارابىسىنى (قىياسەن) تاپقان. بۇ ھىندىستانغا يىپەك قۇرۇتى ئېلىپ چىققانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتمۇ ياكى ئىدىقۇت (تۇرپان) دىن خوتەنگە يىپەك قۇرۇتى ئېلىپ چىققانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتمۇ ۋە ياكى ئىچكى ئۆلكىلەردىن يىپەك قۇرۇتى ئېلىپ چىققانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتمۇ، بۇنى بۇندىن كېيىن تەتقىق قىلىپ ئېنىقلاشقا تىگىشلىك. رىۋايەتتىكى شەرق مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن پادىشا Vijyajaya نىڭ ئالدىدىكى پادىشا مەشھۇر ساياھەتچى فاشيەن (法显页) بىلەن زامانداش ئىدى. فاشيەننىڭ ساياھىتى 4 - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرى (مىلادى 399 - يىلى) بولغان. شۇنداقتا شەرق مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن رىۋايەتتىكى بۇ پادىشا مىلادى 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، جۇڭگونىڭ تارىخلىرىدا جۇڭگونىڭ شۇ ۋاقىتتا خوتەن پادىشاسىغا مەلىكە ياتلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە يوق.

بەزىلەر جەنگو دەۋرىدە يېزىلغان «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دىكى بىر رىۋايەتنى مىسال كەلتۈرۈپ «غەربىي جۇ (周) سۇلالىسى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى بوۋىسى گوگۇڭ تيەنفۇ (古公天父) ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋەزىرى چاڭ جىچۇۋنى② (长季绰) «چۇڭشەن» (春山) تېغىغا ئەۋەتكەندە ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ چوڭ قىزىنى بەرگەن، چاڭجىچۇۋ چۇڭشەن تېغى ئەتراپىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ «چۇگو» دۆلىتىنى قۇرغان، ئارخېئولوگلارنىڭ ئېنىقلىشىچە چۇڭشەن تېغى ھازىرقى پامىر تېغى③ بولۇپ، چۇگو دۆلىتى بولسا، ھازىرقى خوتەن، مانا مۇشۇنداق قارىغاندا «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى» دىكى خوتەنگە يىپەك (پىلە) قۇرۇتى ئېلىپ بارغان شەرق مەلىكىسى ئەنە شۇ گوگۇڭتيەنفۇنىڭ چوڭ قىزى بولىدۇ» دەيدۇ ۋە «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دە ئۇنىڭغا ئائىت يىپەك توغرىسىدا بىرەر خاتىرە بولمىغانلىقىغا ئەپسۇس بىلدۈرىدۇ.

«مۇتيەنزى تەزكىرىسى» تارىخ ئەمەس، ئۇ ئەپسانە، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دىكى ئەپسانىلار كىشىنى ئىشەندۈرەلمىگەندەك، «ئۇلۇق تاڭ دەۋرىدىكى غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسەردىكى يىپەك مەلىكىسى رىۋايىتىمۇ كىشىنى ئىشەندۈرەلمەيدۇ.

تارىختى ۋەقەلەر مۇئەييەن ماكان ۋە زامان ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. ۋەقەلەر

---

① «غەرپتە بۇددا دىنى» 219 - بەت.

② چاڭ جىچۇۋنىڭ خوتەن دۆلىتىنى قۇرغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

③ چۇڭشەن تېغىنى ھازىرقى پامىر تېغى دىيىش بىھۇدە گەپ بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ۋەقەلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە سەۋەپ - نەتىجە مۇناسىۋىتى بولىدۇ. لېكىن بۇ مۇناسىۋەتنى تېپىش ۋە چۈشىنىش كېرەك. مۇئەييەن مۇھىتتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى باھالاش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش ھەقىقى تارىخنى تەشكىل قىلىدۇ. يىلنامىلار ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق تەرتىپتە بايان قىلىدۇ، ئۇ تارىختا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر بۇ ۋەقەلەرنى بايان قىلىش مۇئەييەن تارىخىي مۇھىتتىن ھالقىپ كەتسە، ئۇ ھالدا ئۇ تارىخ ئەمەس، رىۋايەت - ئەپسانە بولۇپ قالىدۇ.

جۇڭگونىڭ ھەر قېتىمقى سۇلالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىرتقا ياتلىق قىلغان مەلىكىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېنىق قىلىپ ئۆز يىلنامىلىرىغا يېزىپ قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەن خانىغا تەقدىم قىلىنغان مەلىكە توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. دېمەك، مۇشۇ يىپەك مەلىكىسى رىيال تارىخىي شەخس بولمىسا كېرەك. شۇڭا، يىپەك مەلىكىسى كېلىشتىن ئىلگىرى خوتەندە پىلە قۇرۇتى يوق ئىدى دېيىش، ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، يوقۇرىدا ئېيتىلغان خوتەندىكى «ياۋا پىلە» باشقا جايدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولماستىن، بەلكى، تەبىئى ھاسىل بولغان يەرلىك پىلە ئىكەنلىكى، خوتەن ئەزەلدىن پىلە قۇرۇتىنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

شىنجاڭدا پىلە - يىپەكچىلىك قاچان باشلانغانلىقى توغرىسىدا «تارىخنامە» ۋە «خەن سۇلالىسى تارىخى»دا بىرەر ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن قەدىمقى رىم ۋە يۇنان ئەدەبىياتى ۋە تارىخىدا ئۇچرايدىغان «سېرىندىيە» (يىپەك ئېلى) سۆزى ئەنە شۇ خوتەنگە قارىتا ئېيتىلغان.

يۇنان تارىخچىلىقىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان ھېرودوتوسنىڭ «تارىخ» كىتاۋىدا، يىپەك ئېلى - يىپەكىستان (Seric) سۆزى بىلەن يېزىلغان، بۇنىڭ شىنجاڭ — خوتەنگە قارىتىپ ئېيتىلغانلىقىدا گۇمان يوق.

يىپەك ئېلى ۋە يىپەك بويۇملىرى ھەققىدە كوشان خانلىقىدىن تاشقىرى، قەدىمقى رىم ۋە يۇنان مەنبەلىرىدىمۇ ئېنىق تارىخىي خاتىرىلەر بار.

ياۋروپادا يىپەك ئېلى توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر خاتىرە قالدۇرغان يۇنانلىق ئالىم كتېسىياس (Ctesias) بولۇپ، ئۇ، سېرىس دېگەن سۆزنى مىلادىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرى تىلغا ئالغان.

يۇنان ئالىمى ستىرابو (مىلادىدىن ئىلگىرى 54 - يىل) ئۆزىنىڭ «سىياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتاۋىدا ئونېسىكرىتوس (Onesicritus) نىڭ خاتىرىلىرىدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئونېسىكرىتوس (Onesicrtus) بولسا، ئالېكساندىر ماكېدونىيىدىكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) نىڭ بىرگېنېرالى (部将) بولۇپ، (مىلادىدىن ئىلگىرى 328 - يىلى ئۆلگەن) ئۇ، سېرىس دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلغان①.

① Mullers Strabo, xi i .34. d 37;
② Yule .Cathay .1. 14

رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى ئاۋگۇستۇس ۋىداۋىي (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 14 - 29 - يىل) ۋاقتىدا سۇرىيە ئارقىلىق شەرقتىن كەلگەن يىپەك ماللار بازارلاردا ئاق سۆڭەكلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ۋىداۋىي ئاۋگۇستۇس ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان تىبېرىئۇس (Tiberius) رىمدىكى ئالتۇن يىپەك سودىسى ئارقىلىق نۇرغۇن ئالتۇننىڭ يىپەكنى سىرتتىن ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭدا كالاۋتسۇن - تەتىللا ئىشلەپ ساتقان سۇرىيە سودىگەرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى چەكلەش ئۈچۈن يىپەك سودىسىنى توسقان. مانا بۇ، «غەربىي رايوندا بۇددا دىنى» دېگەن كىتاپتا ئېيتىلغان شىمالىي ھىندىستان، كابۇل ۋە پېرسىيىنىڭ چىن بىلەن يىپەك - تاۋار سودىسىنى قىزىق قىلغان ۋاقتىنى، كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ باشلىنىش مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ يەردە كۆپ ئەسىرلىك يىپەك سانائىتى (ئىشلەپچىقىرىشى) بولمىسىماندا، «جاھاننىڭ مەر - مەر شەھىرى» دەپ ئاتالغان رىم ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى دەرھال قامدىغىلى بولماس ئىدى.

گەرچە رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن) تاۋار - دۇردۇن سودىسى قىزىغان، ھەتتا ماكىدون سودىگەرلىرى بىۋاستە «Sene» خوتەن ئېلىدىن ئېلىپ كەلگەن، بۇ ھەقتە بىر قاتار خاتىرىلەر قالدۇرغان بولسىمۇ، رىم ۋە غەربىي ياۋروپادا بىۋاستە يىپەك ئىشلەپچىرىش يەنىلا قۇرۇغلۇق ئارقىلىق پىلە قۇرۇتىنى تۇخۇم ھالەتتە ئېلىپ كېتىش نەتىجىسىدە، 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا رىم ئىمپېراتورى جۇستىنىئان (Justinian) دەۋرىدە بولغان. بۇ يىپەك مەلىكىسى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئىلگىرىراقىنى كۆرسىتىدۇ. رىم ئىگىلىگىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن يىپەكنى بىۋاستە ئىگەللەش — ئىشلەپچىقىرىش، ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ھىلە - نەيرەڭ ۋە يوشۇرۇن جەڭ ئېلىپ بېرىلغان.

ئادەتتىكى تارىخ كىتاپلىرىدىمۇ شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىمپېراتور جۇستىنىئان 530 ۋە 550 - يىللىرى ئەۋەتكەن ئىككى گېرىك مىسسىونېرى 551 - يىلى خوتەندىن ئىچى كاۋاك ھاسا تاياق ئىچىگە پىلە قۇرۇتى ئۇرۇقىنى (تۇخۇمىنى) يوشۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىسىملىرى نامەلۇم.

يىپەك توغرىسىدا، يىپەك ئېلى بولغان چىننى («Ceni» مارىنئۇس شۇنداق يازغان) توغرىسىدا سۆزلىگىنىمىزدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى مۇنۇ لۇغەت ۋە قوشما سۆزلەر دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. بۇ ھېلىمۇ جانلىق پاكىت بولۇپ تۇرماقتا: جىبكىسىن — يىپەك: تەختۇ جىبكىن — ھىمىرلىگەن يىپەك؛ توشەكلىك بارچىن — توشەكلىك تەييار تاۋار (يىپەك گەزلىمە)؛ تاۋار - تورقا — تاۋار - دۇردۇن ۋە باشقىلار.

(2)

قىبدىمقى رىم ۋە يۇنان ئالىملىرى يىپەك ئېلىنىڭ جۇغراپىيىۋىي ئورنى توغرىسىدا بىر قەدەر كۆپ مەلۇمات بېرىدۇ. گەرچە ئۇلار كۆپرەك رىۋايەتلەر ۋە كىشىلەرنىڭ

ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسلىنىپ يازغانلىقى ئۈچۈن، بىر مۇنچە ئېنىقسىزلىقلار، ھەتتا بەزىدە چەتنەپ كېتىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلسىمۇ، لېكىن، يىپەك ئېلىنىڭ جۇغراپىيىلىكى ئورنىنى ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا مەركەزلەشتۈردى. مەسىلەن: ھازىرقى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئالېكساندرىيىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغىچە قەدەر بولغان جايلار ھەققىدە بىر قەدەر توغرا مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ يېقىنىنى نامسىز يەر، ئوكيان دەپ قىياس قىلىدۇ.

يۇنان ئالىمى ستىرابو — Strabo (مىلادىدىن ئىلگىرى 24 - 54 - يىللىرى) ئۆزىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە باكتىرىيە خانلىرى توغرىسىدا يېزىپ: باكتىرىيە خانلىرى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىنى سېرىس ۋە پرىينى (Phryni) " دۆلىتىگىچە كېڭەيتكەن"① دەيدۇ. مانا بۇ توغرى تارىخىي پاكىت. يۇنان سۇلالىسىنىڭ باكتىرىيىدىكى ھاكىمىيىتى جۇڭگو خەن سۇلالىسى پادىشاسى ۋېنجىڭ (文景) ۋاقتىدا ياۋچىلار تەرىپىدىن يوقۇتۇلغان. ياۋچىلار بىر مەزگىل ئىنتايىن كۈچىيىپ، شەرقتە پامىرغىچە كېڭەيگەن. ستىرابو ئېيتقان باكتىرىيە ئەنە شۇ ياۋچىلار بولۇپ، ستىرابو باكتىرىيە دەپ ئۇنىڭ كونا ئىسمىنى ئاتىغان.

ئاۋگۇستوس تەختتە ۋاقتىدىكى رىم شائىرى ۋىرگىلىي (Publius Virglius Maro) نىڭ شېئىرلىرىدا "سېرىس" دېگەن سۆز كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىكى ئورنىنى كۆرسەتمەيدۇ، پەقەت مەركىزىي ئاسىيادا، ئەڭ شەرقتە دېگەن سۆزلەر بىلەن تۈگىتىدۇ، خالاس.②

بۇرۇنقى زامانلاردا ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان جايدىن باشقا يەرلەرنى ناھايىتى ئاز بىلگەن. مەسىلەن: «تارىخنامە»، «پەرغانە تەزكىرىسى» دە، سىماچيەن پارتخىيە (ئارشاك)، تاجىك (ئەرەپ)، رىم ۋە ئانسەي③ (ئائورسى) دىن ئىبارەت 4 دۆلەتنى دۇنيانىڭ ئەڭ غەربىي چېتى دەپ قىياس قىلغاندەك، رىم ۋە يۇنان ئالىملىرىمۇ قەدىمقى زامانلاردا يىپەك ئېلى ۋە چىن دۆلىتىنى ئادەم ياشايدىغان چوڭ زېمىننىڭ ئەڭ شەرقىي چېتى، ئۇنىڭ ئۇ يېقى نامسىز يەر، ئۇنىڭمۇ ئۇيېقىنى بولسا، ئوكيان دەپ قىياس قىلغان.

---

① Mülle's Strabo book xI p .445.
Yule. Cathay , I P 17 NoteI,
② (Yele .Cathay I, .P .14 '158 '186)

③ پارتخىيە (ئارشاك) كېيىنكى ۋاقىتتىكى پېرسىيە (ئىران)؛ ئانسەي (安赛 — 蔡) يەنى، ئائورسى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي تۇمشۇقىدا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەلەنلەرنىڭ ئاتا - بوۋىسى؛ تاجىكلارنىڭ ئورنى ھازىرقى جۇغراپىيىلىك ۋەزىيەتتىن قارىغاندا ئەرەپ يېرىم ئارىلىغا توغرا كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەرەپ دەپ ئاتىغان، پارسلار ئەرەپ دېيىشىدۇ.

ئاتاغلىق رىم يازغۇچىسى مېلا — Pomlonius Mela (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 50 - يىلى): «ئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقىدە ھىندىلار، سېرىسلىقلار (Seris) سىتسىيىلىكلەر① (Seythians) ياشايدۇ. ھىندىلار ئەڭ جەنۇپتا، سىتسىيىلىكلەر ئەڭ شىمالدا، سېرىسلىقلار بولسا ئوتتۇرا قىسمىدا ياشايدۇ. كاسپىي دېڭىزى ۋە سىتسىيە دېڭىزى قىرغاقلىرىدىن ئالغا قاراپ ماڭسا، يېڭىز قىرغىقى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، شەرققە يۆزلىنىدۇ. سىتسىيە تۈمشۇقى ئەتراپىدا قار قېلىن، ماڭغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىقى توپىلىق يەر، لېكىن، تېرىلمايدۇ. ياۋا ئادەملەر ياشايدۇ، يەنى سىتسىيىلىكلەر بىلەن ساك (Sagae) قەبىلىسى جايلاشقان ...... بۇ ئىككى قەبىلىدىن ئۆتسە ...... تويتوغرا تابىس (Thabis) تېغىغا بارىدۇ، تابىس تېغى دېڭىز③ قىرغىقىدا تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىن يىراقتا تاۋرۇس (Tavrus) تېغى بار. سېرىس مانا مۇشۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. سېرىسلىقلار دۇنيادا تەڭدىشى يوق سەمىمىي - سادىق ئادەملەر، سودىغا ماھىر، سودا قىلغاندا يۈزمۇ - يۈز سۆزلەشمەيدۇ، مالنى قۇملۇققا قويۇپ قويۇپ كەينىنى قىلىپ تۇرىدۇ»④ دەيدۇ.

تەبىئەتشۇناس رىم شائىرى پلىنىي — Caius Pliny the elder (مىلادى 23 - 79 - يىللىرى) ئۆزىنىڭ «تەبىئەت تارىخى» ناملىق قەدىمى مەشھۇر ئەسىرىدە يىپەك ئېلى (Seris) توغرىسىدا يۇقۇرقى مېلاغا ئوخشاش يازىدۇ. ئۇ يەنە «تابىس تېغى دېڭىز بويىدا تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ⑤. يەنە ماڭسا، دېڭىز قىرغىقى شەرقى - شىمالغا يۆزلىنىدۇ. بۇ يەردىن ئۆتسە، ئادەم كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. كاسپىي دېڭىزىدىن بۇ يەرگىچە دېڭىز قىرغاق سىزىقى بىرمىڭمۇ بارمايدۇ. سېرىس مانا مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئورمانلىقلىرىدىن يىپەك چىقىدۇ، دۇنياغا مەشھۇر ... تاۋار - دۇردۇن توقۇپ رىمغا ئاپىرىپ ساتىدۇ ... سېرىسلىقلار مۇلايىم، تارتىنچاق كېلىدۇ ... دەپ يازىدۇ.

پلىنىي (Pliny) شۇ كىتابىقا يەنە بىر ئارال پادىشاسى «... راچىياس (Rachias) باشلىق تۆرت كىشىنى رىمغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ... ئەلچىلەر ئۆزلىرى تۇرغان ئارالنى ھىندىستان بىلەن بېقىشىپ تۇرىدۇ ... دەيدۇ. سېرىسلىقلار ئېمىدۇس (Emodus) تېغىنىڭ ئۆيىقىدا ياشايدىكەن. سودا - سېتىق ئىشلىرى ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن، ئارالدا ئۇلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلەر بار ئىكەن. راچىياسنىڭ دادىسى ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە بارغان ئىكەن. ئەلچىلەر ئۆزلىرى يولدا ساياھەتتە يۈرۈپ

---

① ئارال دېڭىزى بويىدا ياشىغۇچىلار، (ئەلەنلەر)
② ئارال دېڭىزى
③ كاسپىي دېڭىزىنى دېمەكچى.
④ Yule Cathay I ,P' 196
⑤ كاسپىي دېڭىزىنى دېمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سېرىسلىقلارنى كورۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا سېرىسلىقلار بوي - تۇرقى جەھەتتە ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئېگىز، چاچلىرى قىزىل، كوزلىرى كوك، ئاۋازلىرى جاراڭلىق ئىكەن...» دەيدۇ.

جۇڭگو تارىخلىرىدا ئۇيسۇنلەرنى «كوك كوز، قىزىل چاچ»① دەپ تەسۋىرلەيدۇ؛ قىرغىزلارنى «ئاق تەنلىك، يېشىل كوز، قىزىل چاچ»② دەپ تەسۋىرلەيدۇ. مانا بۇ قەدىمقى جۇڭگولۇقلارنىڭ غەربىي رايون كىشىلىرىنى، ئۇلارنىڭ چىراي - شەكلىنى تەسۋىرلەيدىغان سوزلىرى. تۇرپانلىقلارمۇ، كوك كوز، قىزىل چاچ دەپ تەسۋىرلەنگەن. تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمىي ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەرنىڭ تولىسى كوك كوز، ئاق تەنلىك بولۇپ، بۇ يوقۇرقى مەلۇماتلارغا ئوخشايدۇ.

بىز بۇ يەردە قەدىمقى رىم شائىرى پلىنىي بىلەن جۇڭگو تارىخلىرىدىكى ئۇيسۇنلارنىڭ تەسۋىرىنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى كورىمىز.

يۇنان جۇغراپىيە ئالىمى پتولېمىي — Ptolemy (تەخمىنەن مىلادى 150 - يىلى) ئۇزىنىڭ مەشھۇر «جۇغراپىيە» كىتاۋىدا: «چوڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ شەرقى نامەلۇم يەر بولۇپ، چوڭ ئاسىيانىڭ (AsiaMajor) ئەڭ شەرقىدىكى چىن ۋە سېرىس بىلەن چېگرالىنىدۇ...» دەپ يازىدۇ.

پتولېمىي ئۇزىنىڭ «جۇغراپىيە» كىتاۋىدا يىپەك ئېلى بىلەن چىن دولىتىنى ئايرىپ ئىككى دولەت قىلىپ قويىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ بىر دولەتنىڭ ئىككى خىل نامىدا ئاتىلىشى بولسا كېرەك. مەسىلەن: مارىنوس «يىپەك ئېلى چىن (Ceni)» دەپ يازغان. «ئېرىتورىيە دېڭىزىدىكى (Erythraean) ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرىدە «چىن دولىتىنىڭ ... ئىچكى قىسمىدا، يىراق شىمالدا چىن شەھرى بار. ئۇ يەردىن يىپەك چىقىدۇ... دۇردۇن - تاۋار توقۇپ باكترىيەگە ئېلىپ بارىدۇ» دېيىلگەن. ئەنگلىيىلىك ئالىم يولى ئەپەندى (Yule) پتولېمىينىڭ «جۇغراپىيە» كىتاۋىدا ئېيتىلغان سېرىسنى جۇڭگونىڭ ھازىرقى شىنجاڭ ئولكىسى دەپ ئىزاھلايدۇ.

پىڭجېنجۇن ئەپەندى ئۇزىنىڭ «غەربىي رايون» ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ - جۇغراپىيىسىگە ئائىت تەتقىقات ماتېرىياللىرى توپلىمى» ناملىق ئەسىرىدە (99 - بەت)، پتولېمىينىڭ «جۇغراپىيە» كىتاۋىدىكى سېرىس دىگەن سوزنى قەدىمقى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بولغان سولېمىي (قەشقەرىيە) دەپ ئاتالغان ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، دەيدۇ.

پتولېمىي ئۇزىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتاۋىدا يىپەك ئېلى توغرىسىدا ئايرىم توختىلىپ: «سېرىسنىڭ غەربىي چېگراسى ستىسىيە (Sethie) ستىسىيە

---

① «خەن سۇلالىسى تارىخى» 2 - جىلد، 96.

② «يېڭى تاڭ كىتاۋى» 2 - جىلد، 217.

ئىماۋس① تېغىنىڭ سىرتىدا. شىمالىي چېگراسى نامسىز يەر ۋە تۇلې (Isladof Thole) ئارىلى بىلەن بىر كەلگىلىكتە. شەرقىي چېگرىسىمۇ نامسىز يەر بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 180° بىلەن چېگرالىنىدۇ. جەنۇپتا جەنۇبىي كەڭلىك 3° قا قەدەر بېرىپ، ھىندىستان گانگى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بىلەن چېگرالىنىدۇ. شىمالىي كەڭلىك 30° نى بويلاپ شەرقىي ئۇزۇنلۇق 173° قىچە بولغان ئارىلىق مەزكۇر يەرنىڭ ئەڭ چېتى ھېسابلىنىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چىن دۆلىتى بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ يېقىنى نامسىز يەر» دەيدۇ. ئۇ يەنە، سېرىسنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تاغلار ئۈستىدە توختۇلۇپ، ئاۋشاتسىيان (Auxacian) ۋە كاسىيان تېغىنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە «ئۇنىڭ تېرىتورىيىسى ئىچىدە ئىككى چوڭ دەريا ئاقىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرسى ئۇيغۇر داس (Oechordas) دەرياسى بولۇپ، ئۇ، ئاۋشاتسىيان ۋە ئاسمىران (Asmiraen) تېغىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەدىن باشلىنىدۇ. يەنە بىرسى باۋتىس دەرياسى (Bovtes) بولۇپ، ئۇ، كاسىيان (Kesyan) ۋە ئوتتورو كوررخوس (Ottoro Corrhus) تېغىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەدىن باشلىنىدۇ...» دەيدۇ.

بۇ ئىككى دەريانىڭ ئالدىنقىسى قەشقەر دەرياسى، كېيىنكىسى يەركەنت ياكى خوتەن دەرياسى② بولسا كېرەك. بۇ ئىككى دەريا قوشۇلۇپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. بەينۇ قۇش (白鸟) بۇنى تارىم دەرياسى③ دېگەن. لېكىن ئۇ، بۇ ئىككى دەريانىڭ پەرقى توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىگەن. ئۇيغۇر داس دەرياسىنىڭ قەشقەر دەرياسى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. Bavtes «پىچان» (蒲昌) سۆزىنىڭ غەرپ تەلەپپۇزى بويىچە، «تاغ - دەريالار قامۇسى» دىكى «بوخەي» (渤海) سۆزىنىڭ ئاھاڭى بويىچە يېزىلىشى. «b'uat» (渤) دېگەن سۆز «baut» سۆزى بىلەن ئوخشايدۇ. ۋەن سىتۇڭ (万斯同) ئۆزىنىڭ «كىتاپلاردىكى گۇمانلىق ئىبارىلەر ئۈستىدە مۇنازىرە» ناملىق ئەسىرىدە: (10 - بەت) «بوخەي دېگىنىمىز قايسى دېڭىز؟ بۇ — پىچان دېڭىزى. ئۇنىڭغا دەريالار قۇيۇلىدۇ. كۆلىمى ئۈچ يۈز چاقىرىم. يۈيمىنىڭ غەربىدە، سۇ يۈزى دېڭىزدەك چوڭ ئەمەس. شىيا سۇلالىسى دەۋرىدە خاتا ھالدا بوخەي (渤海) دېيىلگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پىچان (渤昌) دەپ ئاتالغان» دېگەن. دېمەك، قەدىمقى يۇنان ۋە رىم ئالىملىرى يەركەنت ياكى خوتەن دەرياسىنى (ئۇلار لوپ كۆلىگە قۇيۇلغانلىقى ئۈچۈن) ئەنە شۇ پىچان (渤昌) نامى بىلەن ئاتىغان.

يولې (Yule) ئەپەندى ئاۋشاتسىيان (Avxacian) كېيىنكى ئاقسۇ شەھىرى ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبىئى، كاسىيان (Kasian) سۆزى قەشقەر شەھىرى نامىنىڭ

---

① پامىر تېغى.

② «خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئۆز يولىنى ئۆزگەرتىش تارىخى» 41 - بەت

③ «ئىككى توپلام» 128 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەسلى ئاھاكى [شۇەنجاڭ ئېيىتقان قەشقەر (kashagar — 佉沙国) ئۇيغۇر داس بولسا، خۇيگى (回纥) ياكى ئۇيغۇر① (畏兀尔)] دەپ ئىزاھلايدۇ.

پروفېسسور گىرىگورىيېۋمۇ ئۇيغۇر داسلارنى ھازىرقى ئۇيغۇرلار دەيدۇ.

پتولېمېي يەنە يىپەك ئېلى (سېرىس) نىڭ ئەڭ شىمالىدىكى دۆلەتلەرنى بىر - بىردىن ساناپ كۆرسىتىپ كېلىپ «... پىئاددائې (Piaddae) دۆلىتىنىڭ زېمىنى ئۇيغۇر داس دەرياسىغىچە سوزۇلىدۇ. دەريانىڭ بويىدا ئۇيغۇرداس دۆلىتى (Oechordas) بار» دەيدۇ.

يۇنان تارىخچىسى پاۋسانىياس (Pavsanias) (مىلادى 174 - يىلى) يىپەك ئېلى (سېرىس) نى ئېرىتورىيە (Erythraean) دېڭىزىدىكى بىر ئارال. بەزىلەر سېرىسىيە ئېرىتورىيە دېڭىزىدا ئەمەس، بىر دەرياسىنىڭ ئاغزىدا، ئۇنىڭ خۇددى مىسىردىكى نىل دەرياسى دېلتىسىغا ئوخشاش ئەتراپى دېڭىز بىلەن ئورالغان ئەمەس. سېرىسلىقلار قارا تەنلىك بولۇپ، يىپىنىدىكى ئاباسا (Abasa) ۋە ساكايا (Sakaia) ئاراللىرىنى شۇلار ئىگەللەپ تۇرىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر سېرىسلىقلار قارا تەنلىك ئەمەس. سىتسىيىلىكلەر (Seytthians) بىلەن ھىندىلار ئارىلاشمىسى، دەيدۇ. يۇقۇرقىلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان سۆزلەر②» دەيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كىمنىڭ، قايسى ئەلچىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ يازغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق جۇغراپىيە ۋە تارىخ كىتابلىرىدا مەلۇمات يوق.

مىلادى 380 - يىلى ياشىغان يۇنان ئالىمى مارسىللىنۇس (Ammianus Marcellnus) ئۆزىنىڭ تارىخ كىتاۋىدا «سىتسىيەنىڭ ئىككى قىسمىدىن تاشقىرى، شەرقتە سېرىس بار. ئۇنىڭ ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورۇلۇپ تۇرىدۇ، بۇ تاغلار بىر تۇتاش سوزۇلۇپ، تەبىئىي توسۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ. سېرىسلىقلار ئەنە شۇنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ. يېرى تەكشى، كەڭ ۋە باي. غەرپتە سىتسىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ. شەرقىي ۋە شىمالىي ئىككى تەرىپى چۆللۈك. يىلبويى قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي چېگراسى ھىندى ۋە گانگى دەرياسىغىچە بارىدۇ... ئۇيغۇرداس (Oechardas) ۋە باۋتىس (Bavtis) دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دەريا ئاقىدۇ... سېرىسلىقلار تىنچ ياشايدۇ. ھەربى قورال - ياراق تۇتمايدۇ، زادىلا ئۇرۇش قىلمايدۇ. مۇلايىم، خوشنا دۆلەتلەرنى پاراكەندە قىلمايدۇ، ئىقلىمى مۆتىدىل، ھاۋاسى ساپ، پاكىز، ئاسماندا بۇلۇت كۆپ بولمايدۇ، قاتتىق بوران چىقمايدۇ. ئورمانلىق ئىنتايىن كۆپ، ئورمانلىقتا ماڭسا، ئاسماننى كۆرگىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە...... «چەتئەللىكلەر چېگرادىكى دەريادىن ئۆتۈپ، ئۇ يەرگە يىپەك ياكى باشقا مال ئالغىلى بارسا، كۆزلىرى بىلەن بېقىشىپلا باھاسىنى توختۇشىدۇ، گەپلەشمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يەر بايلىقى مول، باشقىلارغا ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ③...» دەيدۇ.

① Yule ,Cathay I ,PP, 187 - 195

② Yule, Cathay I ,P, 202

③ Yule ,Cathay I, P 233

يوقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن رىم ۋە يۇنان ئالىملىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، سىرىسنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا توغرا كېلىدۇ، بىزگە شۇ نەرسە مەلۇمكى، قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ئەڭ بالدۇر پىلە - يىپەكچىلىك راۋاجلانغان يەر — خوتەن. دېمەك، يۇنان ۋە رىم ئالىملىرى ئېيتقان يىپەك ئېلى — شىنجاڭ، يەنىمۇ ئۇچۇقراق ئېيتساق، ئەنە شۇ خوتەن ئىكەنلىكىدە گۇمان بولمىسا كېرەك.

ياپونىيىلىك بوشى لياۋنى ( 羽奚了谛 ) ئوزىنىڭ «غەربىي رايوندا بۇددا دىنى» ناملىق ئەسىرىدە ( 78 - بەت) 1 - ئەسىرلەردە ھىندىستان كوشان خانلىقى تارىخى مەنبەلىرىدە چىن بىلەن بولغان سودا - سېتىق ئىچىدە بوز (پاختا، خام) بىلەن بىرلىكتە تاۋار - تورقا سودىسى بولغانلىقىنى، بۇ سودىغا شىمالىي ھىندىستان، كابۇل، پېرسىيە سودىگەرلىرى قاتناشقانلىقىنى يازىدۇ①. دېمەك، بۇ 4 - 5 - ئەسىرلەر مولچەرلەنگەن يىپەك مەلىكىسى توغرىسىدىكى رىۋايەتتىن كۆپ ئىلگىرىراقنى كۆرسىتىدۇ.

پتولېمېينىڭ «جۇغراپىيە» كىتاۋىدا كۆرسىتىلگەن سېرىس ئەتراپىدىكى دولەتلەر مانا مۇشۇ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دولەتلەر بولسا كېرەك. «خەن سۇلالىسى تارىخى»دا غەربىي رايوندا ( 西域 ) 36 دولەت بارلىقى ئېيتىلغان.

رىم ۋە يۇنان ئالىملىرىنىڭ تارىخ كىتاپلىرىدا ئۇچرايدىغان يىپەك ئېلىگە باردى، يىپەك ئېلىدىن كەلدى دېگەن سوزلەر كوپرەك شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن رىمغا بارغان ۋە ئۇيەردىن بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئۇستىدە ئېيتىلغان. مەسىلەن: فلورۇس ( Florus ) بىرىنچى قېتىم يىپەك ئېلىدىن رىمغا بارغان ئەلچى توغرىسىدا يازىدۇ. ئۇ ئوزىنىڭ «تارىخنامە» ناملىق كىتاۋىدا، ئاۋگۇستو سىنىڭ كورسەتكەن خىزمەتلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئاۋگۇستۇس تەختتە ۋاقتىدا، رىمنىڭ شان - شوھرىتىنى تەبرىكلەپ يىپەك ئېلى ۋە ھىندىستاندىن ئادەم كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئوزىنىڭ شۇ كىتاۋىدا: „قالغان ئەللەر رىم ھوكۇمرانلىقىغا مەنسۇپ بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى رىمنىڭ شان - شەۋكىتىنى بىلەتتى. رىملىقلارنى كورسە ھورمەت بىلدۇرەتتى ... سىتىسىيىلىكلەر ( Scythae ) ۋە سارماتىنلار (Sarmatae ) ھەممىسى ئەلچى ئەۋەتىپ تەبرىكلەشتى. بۇلارلا ئەمەس، يىراقتىكى سېرىسلىقلار ۋە ھىندىلارمۇ ... ئەلچى ئەۋەتىپ ئۈنچە - مارجان، گوھەر ۋە پىل تەقدىم قىلدى. بىز بىلەن دوستلۇق شەرتنامىلىرى تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى ....“ دەيدۇ. فلورۇس ( Florus ) ئېيتقان بۇ سېرىش ئەلچىسى خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن ئەلچى بولمىسا كېرەك. «خەن سۇلالىسى كىتاۋى» دا ئېيتىلىشىچە، ئاۋگۇستۇس تەختتە ۋاقتىدا ئالدىنقى خەن سۇلالىسى

① ھەتتا، سۈي دەۋرىدىمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كېۋەز يوق ئىدى.

ئۇردىسى يىمىرىلىشكە باشلىغان، ئۇنىڭ رىمغا بەلچى ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق... ①

ئومۇمەن ئۇتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي رايونغا چىققان بىرىنچى ئەلچى ئالدىنقى خەن سۇلالىسى پادىشاسى ۋۇدى ۋاقتىدىكى جاڭچيەن، ئۇ باكتىرىيىدىن قايتقان. كېيىنكى خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا بەنچاۋ قەشقەردىن ئەۋەتكەن ئەلچى گەن يىڭ يولدا ئارشاكلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ رىمغا بارالماي قايتىپ كەلگەن. دېمەك، بۇ ۋاقىتتا رىمنىڭ قاتناش ـ ئالاقىسى ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى كۆپرەك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ بىلەن بولغان. فلورۇس ئېيتقان سېرىس ئەلچىسى مانا مۇشۇ شىنجاڭدىن بارغان بولىشى مۇمكىن.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقۇرقى يۇنان ۋە رىم ئالىملىرى، مەسىلەن: ستىرابو، پلىنىي، پتولېمىي، مارسىللىنوسلارنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرى 2 ـ ئەسىردە باكترىيە خانلىرى ئۆز زېمىنىنى سېرىسكە قەدەر كېڭەيتكەن، سېرىس شەرقتە چىن دۆلىتى بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئۇ، چىن دۆلىتىنىڭ شىمالىدا جايلاشقان. سېرىسنىڭ تۆرت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورۇلۇپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي چېگرىسى ھىندى گانگى دەرياسىغىچە سوزۇلىدۇ. يۇقۇرقى «جۇغراپىيىۋى مۇھىت شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى خوتەنگە ئىنتايىن ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ».② پلىنىينىڭ «تەبىئەت تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «رىم ئاقسۆڭەكلىرى يىراق سېرىستىن كىيىم ـ كېچەك ماتېرىياللىرى ئالاتتى» دېيىلگەن. «ئۇ ۋاقىتتا تېخى غەرپ سودىگەرلىرىنىڭ بىۋاستە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ئېيتىلغان يىپەك ئېھتىمال قارا قورۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى دۆلەتلەرگە قارىتىلغان③».

يۇقۇرىدا ئۆزەمنىڭ يىپەك ئېھتىمالى توغرىسىدىكى باشلانغۇچ مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇم. بۇنىڭ نۇقسانلاردىن، ھەتتا بەزى خاتالاردىن خالى بولىشى ناتايىن. كىتاپخانلارنىڭ تەنقىت بېرىشىنى، تۈزىتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

① جاڭشىنلياڭ: «جۇڭگو ۋە غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى» ناملىق كىتاپ، «ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرى» 30 ـ بەت.

② يىڭ چىڭ: «يىپەك يولى ۋە قەدىمقى خوتەن»

③ يۇقۇرقى ئەسەر.

# شىنجاڭدىكى قېدىمقى تىل - يېزىقلارنىڭ بىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى

گېڭ شىمىن

1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىز يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەت بولۇپ قالدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھوقۇقسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. چاررۇسىيە 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن خىرىس قىلغىلى تۇردى. ئۇلار 1871 - يىلى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئەسكەر چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋالدى (قولـلانغان ھىلىلىرىنى ئىنقىلاپ چىققاندىن كېيىن ، قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى).

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى (ئۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى) مەنپەئەتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، چاررۇسىيە كېڭەيمىچى كۈچلىرىنىڭ جەنۇبقا ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشقان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن غەربىي رايون (شىنجاڭ) غا قارىتىلغان قېدىرىپ تەكشۈرۈش دەۋرى مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا باشلىنىپ كەتتى. جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتلىرىگە ۋە مىللەتلىرىگە دائىر ئاخباراتلارنى توپلاش ئىشى ياكى جۇغراپىيە جەھەتتىن ئولچەش، تەكشۈرۈش ئىشى ئالدى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ئالايلۇق، 19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا چاررۇسىيە ئوفىتسېرى چوقان ۋەلىخانوپ سودىگەر قىياپىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ ھەرخىل ئاخباراتلارنى توپلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن: چاررۇسىيەنىڭ يەنە بىر ئوفىتسېرى پىرژېۋالىسكى، ئاساسەن شىنجاڭنى جۇغراپىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئىشىنى ئېلىپ باردى . ئەنگلىيە ئوتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا لورد. فورسىيس باشچىلىقىدىكى زور بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ياقۇپبەگ قورچاق ھاكىمىيىتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە ئەۋەتكەن. بۇ ئۆمەك قايتىپ بارغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تارىخىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي دوكلات يېزىپ تاپشۇرغان.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ھەر قايسى جاھانگىر دۆلەتلەر شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ خەزىنىدە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئېچىلماي - قېزىلماي كېلىۋاتقان قىممەتلىك مەدەنىي بايلىقلارنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى بىلىۋېلىپ، كاپىتال ئاجرىتىپ، قېدىرىپ تەكشۈرگۈچى ئەترەتلىرىنى ۋە ئالىملىرىنى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ئاتالمىش تەكشۈرۈش ھەم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار بىلەن شۇغۇللاندى؛ ئۇلار قېزىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان قەدىمقى تىللارغا دائىر يازما نۇسخىلار ۋە بەدىئىي بۇيۇملارنى تېپىۋالغان. شۇنداق قىلىپ، ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ يول قويۇشى بىلەن ھەر قايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئاتالمىش «قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى»، «ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى» دېگەن نىملىرى شىنجاڭ ھەم گەنسۇ، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن ناھايىتى نۇرغۇن يازما نۇسخىلار ۋە باشقا قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى، بەزىدە ئوغرىلاپ، بەزىدە ئوچۇقتىن - ئوچۇق بۇلاپ - تالاپ توپ - توپى بىلەن ئېلىپ كەتكەن. بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار ھازىر موسكۋا، لېنىنگرات، بېرلىن، لوندون، دۇڭجىڭ، يېڭى دېھلى، ستوكھولم قاتارلىق جايلاردا ساقلانماقتا.

ھەر خىل تىل - يېزىقلاردا يېزىلغان بۇ قەدىمقى يازما نۇسخىلار مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىنىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى تىل - يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى 70 - 80 يىللاردىن بۇيان، چەتئەل ئالىملىرى ئەنە شۇنداق مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئىگە بولۇۋېلىشتەك پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلار ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ياۋروپادا «شىنجاڭ قەدىمقى تىل - يېزىقلىرى» دېگەن تىلشۇناسلىقنىڭ بۇ يېڭى تارمىقى شەكىللەندى. شەرقىي گېرمانىيە 1960 - يىلدىن باشلاپ ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى «تۇرپان يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ھەيئىتى»نى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، غەربىي گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، ياپونىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ئالىملىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەزكۇر يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ھەم ئېلان قىلىش ئىشى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمقى خوتەن تىلى، قەدىمقى كۇسەن - قاراشەھەر تىلى ۋە قەدىمقى تۈركىي تىلىغا دائىر دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ، يېڭى كۈچلەرنى تەربىيىلىمەكتە ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئەمدى بىزنىڭ مەملىكىتىمىز بولسا، بۇ جەھەتتە ئىنتايىن قالاق ھالەتتە تۇرماقتا؛ بەزى تىل - يېزىق تۈرلىرى تېخى قولغىمۇ ئېلىنغىنى يوق. مەن مۇشۇ ماقالە ئارقىلىق ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ جەھەتتىكى خەزىنىچە يادىكارلىقلار

تۇغرىسىدا مەملىكىتىمىزدە كىشىلەر كۆپرەك خەۋەردار بولغاچقا، بۇ ماقالىدا توختالمايمەن.

تۆۋەندە يېقىنقى زامانلاردا شىنجاڭدىكى قەدىمقى تىل - يېزىقلارنىڭ بايقىلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1

قەدىمقى زاماندا، مەملىكىتىمىزدىن غەرپكە بارىدىغان ئاساسىي سودا (مەشھۇر «يىپەك يولى») شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئىككى يولنى بېسىپ ئۆتۈپ غەرپكە كېتەتتى. مىلادىدىن ناھايىتى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا ئېلىمىزنىڭ يىپەكلىرى شىنجاڭنى بېسىپ ئۆتۈپ رىم ئىمپېرىيىسىگە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. تارىختا شەرقتىن ۋە غەرپتىن كەلگەن مىللەتلەر تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى كۆكلەمەيدانلارنى بېسىپ ئۆتكەن ياكى شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قەلئەلىك بەگلىكلەردىن بولۇپ قالغان ئىكەن. مىلادىدىن كېيىنكى بىرىنچى مىڭ يىللىق ئالدىنقى يېرىمىدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك بۇ يەرلەردە ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان (قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان يەرلەردە) ۋە باشقا ھىندى - ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان يەنى «توخرى» تىلى دېگەن تىلدا سۆزلىشىدىغان (ئاقسۇ - كۇچار، قارا شەھەر - تۇرپان ئەتراپىدا) خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. بۇلاردىن باشقا، ھىندى تىلى قاتارىدىكى تىللاردا سۆزلىشىدىغان (قەدىمقى پىنچان بەگلىكىدە، يەنى نىيەدىن لوپنۇر كۆلىگىچە بولغان يەرلەردە) مىللەتلەر ھەمدە زاڭزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان زاڭزۇ مىللىتى قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن. تۈركىي مىللەتلەر (جۈملىدىن قەدىمقى ئۇيغۇرلار) تەخمىنەن 7-، 8-ئەسىردىن كېيىن، شىمال تەرەپتىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، پەيدىن - پەي بۇ يەرلەرنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركىي تىل باشقا قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدىن ئۈستۈن كېلىپ، ئاخىرى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان.

جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە ئەتراپتىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا قەدىمدىن تارتىپلا قويۇق مۇناسىۋەت بولغاچقا، خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە ئەتراپ رايونلار مەدەنىيىتى خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن تارتىپلا تارىم ئويمانلىقى رايونىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بىز بۇ جەھەتتە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىك قېزىشلاردىن تېخىمۇ ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولدۇق. جەنۇبىي شىنجاڭدىن قېزىلغان شۇنچە نۇرغۇن خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلار ۋە باشقا خەنزۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ بۇ يەرگە بولغان تەسىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن: ئىچكىرىنىڭ تۆمۈر تاۋلاش، پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك، قەغەزچىلىك ۋە مەتبەئەچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىلغار

www.uyghurkitap.com

تېخنىكىسى شىنجاڭغا ناھايىتى بۇرۇنلا تارقىلىپ كىرگەن، باشقا رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ شىنجاڭغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش، ئالدى بىلەن، دىنىي جەھەتتە كۆرۈلگەن. بىزگە مەلۇمكى، قەدىمقى زاماندا، سەنئەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. مىلادى 1 - ۋە 2 - ئەسىردە بۇددىزىم ھىندىستاندىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىپ كەڭ تارقىلىپ، ناھايىتى تېز ئارىدىلا يىلتىز تارتىپ، ھەر قايسى جايلاردا خېلى نۇرغۇن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ياسىلىدۇ. بۇددىزىمنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرىشىدە، شىنجاڭ يۆتكەپ تارقىتىش پونكىتى بولۇپ رول ئوينىغان.

بۇددا دىنىدىن باشقا، كېيىنچەرەك يەنە ئىككى خىل دىن غەربتىن شىنجاڭغا كىرگەن؛ ئۇنىڭ بىرى سۈرىيە روھانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان، خرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولغان نېستورىيان («Neitonianiam») دىنى (كونستانتىنوپولنىڭ بۈيۈك يېپىسكوپىنىڭ ئىسمى «نېستورى» («Neotoniuo») بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئۇ: خرىستوس يالغۇز ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى، ئىككى خىل سالاھىيەتكە ئىگە، يەنى ھەم ئىلاھىلىق، ھەم بەندىلىك سالاھىيەتكە ئىگە، دەپ تەشەببۇس قىلغاچقا، ئىزچىللىق تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ئاسىي دەپ ئەيىپلىنىپ، مىلادى 431 - يىلى Epheise دىنىي يىغىنىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان). بۇ دىن 8 - ئەسىردە ئاسىيادا ناھايىتى كەڭ تارقالغان، بىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىمىزدە ۋە شىنجاڭدىمۇ بۇ دىننىڭ يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلدى. (مەسىلەن، 771 - يىلى چاڭئەندە ياسالغان داچىن Neitonianiam مەڭگۈ تېشىغا ئوخشاش) يەنە بىرى پارس كىشىسى بولغان «مانى» («Mani») تەرىپىدىن مىلادى 3 - ئەسىردە بەرپا قىلىنغان مانى دىنى. بۇ دىن ھەممىلا يەردە دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 6 - ۋە 7 - ئەسىر ئارىلىقىدا شىنجاڭغا كىرگەن ھەمدە مۇشۇ يەر ئارقىلىق ئەينى زاماندا موڭغۇلىيىنىڭ شىمالى قىسمىدا ئولتۇراقلىق قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. 762- يىلى قەدىمقى ئۇيغۇرلار قاغانى مانى دىنىنى مەملىكەت دىنى دەپ ھۆرمەتلىك ئورۇنغا قويغان. ئىچكى ئۆلكىلەردە بولسا، مانى دىنى مەلۇم بىر خىل ئۆزگەرگەن شەكىل ئارقىلىق تاكى مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. مۇشۇ ئارىلىقتا، يەنە بىر خىل دىن، يەنى ئىسلام دىنىمۇ ئىز بېسىپلا كىرىپ كەلگەن. ئىسلام دىنى 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر رايونىغا كىرگەن بۇ رايوندىكى قەدىمقى دىنلار شۇ دىندىكى قەدىمقى مىللەتلەر بىلەن بىللە پەيدىن - پەي يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىي 13 - ۋە 14 - ئەسىردىن باشلاپ شۇ چاغدا پۈتۈنلەي تۈركلىشىپ بولغان پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا بارا-بارا ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمقى تارىخى، مەدەنىيىتى

قاتارلىق جەھەتلىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆپىنچە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلغىنى بىلەنلا چەكلىنەتتى. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىپ شۈەنجۇاڭنىڭ يېزىپ قالدۇرغىنى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك. ئۇ، 629 - يىلى دىنىي تەلىمات ئۆگەنگۈچى روھانى سۈپىتىدە شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغان؛ بارغاندا شىمالىي يولنى بېسىپ ئۆتكەن، قايتقاندا بولسا، جەنۇبىي يولنى بېسىپ ئۆتكەن. شۈەنجۇاڭ ئۆزىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەڭ مۇھىم ئەسىرى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان سىياھەت خاتىرىسى» (نۇرغۇن ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان) دە، بېسىپ ئۆتكەن بۇ يوللارنى تەسۋىرلىگەن ھەمدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى يېزىپ قالدۇرغان (گەرچە ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ). ئۇنىڭ بۇ خاتىرىلىرى تاكى ھازىرغىچە ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تاسادىپىي قېزىۋېلىنغان بەزى يازما نۇسخىلار ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭدا بولغان دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەردىن ناھايىتى كۆپ ھەم ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلدى؛ بۇلارنىڭ بىر قىسمى سەنئەت بويۇملىرى، يەنە بىر قىسمى ھەر خىل تىل - يېزىقتا يېزىلغان نۇرغۇن يازما نۇسخىلار (گېرمانىيىلىك ئا. ۋون. لېكوكنىڭ ئېيتىشىچە، 17 خىل تىل، 24 خىل يېزىق ئىكەن) بولۇپ، تارىخىي يادىكارلىق سۈپىتىدە ئاران ساقلىنىپ قېپقالغان. بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇ يەرلەرنىڭ كېلىماتى قۇرغاق بولغاچقا، ھەر ھالدا بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان دۇشۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتى بىزگە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەنە شۇ ھېچكىم بىلمەيدىغان نۇرغۇن تىللار ۋە خېلىلا تەرەققىي تاپقان مەدەنىيەتلەر توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.

1890 - يىلى ئەنگلىيىلىك باۋۇئېر شاۋۋېي كۇچاردا يەرلىك ئىككى نەپەر ئۇيغۇر دېھقان تېپىۋالغان قېيىن پوستىغا يېزىلغان يازما نۇسخىنى سېتىۋالغان. بۇ يازما نۇسخا كېيىن ھىندىستاننىڭ جاكارتا دېگەن يېرىگە ئېلىپ بېرىلغان. تەتقىق قىلىنىش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ 4 - ئەسىرگە تەۋە بولۇپ، ھازىرغىچە ۋاقتى ئەڭ قېدىمى ھېسابلانغان، سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان نۇسخا ئىكەنلىكى بىلىنگەن. ئۇنىڭ بىلەن، بۇ بىردىنلا ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىۋەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، چاررۇسىيەنىڭ ۋە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇللىرى شۇ چاغدا تاسادىپىي قېزىلىپ قالغان قېدىمقى يازما نۇسخىلارنى داۋاملىق ئىزلەپ تېپىشقا تىرىشقان. ئاتۇۋدت، يەنە بىر قىسىم يازما نۇسخىلارنى قولغا چۈشۈرۈپ پېتېربۇرگ ۋە جاكارتالارغا يوللىۋەتكەن. ئەپسۇسكى، شۇ يەرلىكلەرنىڭ قېدىمقى مەدەنىي يادىكارلىقلارغا بولغان تونۇشى يېتەرسىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغاچقا، نۇرغۇن نەرسىلەر مەڭگۈگە نابۇت قىلىۋېتىلگەن. قەغەزگە يېزىلغان بەزى نۇسخىلار قىيىلىپ ئاياق كىيىم ئەندىزىسى قىلىۋېلىنغان؛ تېرىگە يېزىلغان نۇسخىلار بولسا، تېرىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، ئاياق كىيىم تىكىۋېلىنغان.

فرانسىيە ساياھەتچىسى دىۋ تۈدىان 1892 - يىلى خوتەندە سېتىۋالغان، قېيىن پوستىغا يېزىلغان يەنە بىر خىل نۇسخىنىڭ پارچىلىرى ئىلگىرىكى نۇسخىدىن تېخىمۇ چوڭ دىققەتنى قوزغىغان؛ بۇ يازما نۇسخىلار ھەمدە ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈش ئەترىتى تېپىۋالغان باشقا بۇيۇملار كېيىن پارىژغا ئېلىپ بېرىلغان. 1897 - يىلى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا، فرانسىيە شەرقشۇناسى سىنا بۇ يازما نۇسخىلار توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات قىلغان. بۇ يازما نۇسخىلارنىڭ تىلى بىر خىل ئوتتۇرا قەدىمقى ھىندى تىلى (Pnole٭t) بولۇپ، يېزىقى ئالاھىدە بىر خىل كاروشتى (Khqros. t. hI) يېزىقى ئىكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، كىشىلەر بۇ خىل يېزىقنىڭ غەربىي شىمالى ھىندىستاندا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا دەڭگۈ تاشلاردىلا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىدىكەن، يازما نۇسخىلاردا ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرمەپتۇ. بۇ قېتىمقى يازما نۇسخىسى مىلادى 2 - ئەسىرگە مەنسۇپ بولۇپ، دەزمۇنى بۇددىزم شېئىرلىرى توپلىمى ئىكەن. ئىلگىرى كىشىلەر بۇ ئەسەرنىڭ بارى تىلى (جەنۇبىي بۇددىزىم ئورتاق تىلى) نۇسخىسىنىڭ كوپ قىسمىنى بىلىدىكەن. بۇ قېتىمقى پارىژ يىغىنىدا رۇسىيىلىك شەرقشۇناس ئولدېنبورگ: مەزكۇر يازما نۇسخىنىڭ يەنە بىر قىسمى (ئۇنىڭ كۆپچىلىك قىسمى) رۇسىيىنىڭ قولىغا چۈشكەن بولۇپ، پېتىربورگدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى جاكالىغان.

بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ تەسادىپىي قولغا چۈشۈپ قېلىشى شىنجاڭغا ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ سىستېمىلىق قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا تۈرتكە بولدى. 1898 - يىلى رۇسىيىلىك كلېمېنت (ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا موڭغۇلىيىدە ئارخېئولوگىك خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭ چىقارغان ئىكەن) شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىكى ھەر خىل خارابىلارنى تەكشۈرگەن. ئەنگلىيىلىك ستەيىن (ئەسلىدە ۋېنگرىيەلىك ئىكەن) ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن 1900 - ۋە 1901 - يىللىرى جەنۇبىي خوتەن رايونىدا تۇنجى قېتىملىق سىستېمىلىق قېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ قېتىمقى قېزىشنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىرى مەزكۇر ستەيىن ئەپەندىنىڭ «قەدىمقى خوتەن» دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلىنغان. ئۇ خوتەن رايونىدىكى قېزىشلار ئارقىلىق ھەر خىل قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەن. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ستەيىن ئەپەندى بۇ سەپىرىدە شۇ چاغدا قەشقەر بازىرىدا كوزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان، ئۇستىگە تېپىشماقا ئوخشاش خەتلەر يېزىلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ پۈتۈنلەي ساختا بۇيۇملار ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ نەرسىلەرنى ساختىلىق بىلەن ياساپ چىققان كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قوللانغان ھىيلىلىرىنى ئېنىقلاپ چىققان.

ستەيىن ئەپەندى قېزىپ ئېكەتكەن ھەمدە 1902 — يىلى گېرمانىيە
ھامبۇرگ شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا كۆرگەزمىگە قويغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار ۋە
كىنلىمېنت قولغا كىرگۈزگەن نەتىجىلەر گېرمانىيە بېرلىن ئېتنوگرافىك بوۋۇگۆۋەنىنىڭ
شىنجاڭغا گېرمانىيىنىڭ تۇنجى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئەۋەتىشكە تۈرتكە بولدى.
بۇ ئەترەت گرونۋېدىل بىلەن ھۇسنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1902 — ۋە 1903 —
يىللىرى تۇرپان رايونىدا ئىشلەپ، قېدىمقى ئۇيغۇر پادىشالىقىنىڭ ئاستانىسى ئىدىقۇتنى
ئالاھىدە تەتقىق قىلغان، ئۇلار بۇ قېدىمقى شەھەرنىڭ ئاستى، قەلئەلىرى ۋە ئىبادەتخا-
نىلىرىدا قېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىي 46 ساندۇق بۇيۇم قېزىۋالغان،
ئۇنىڭ كۆپ قىسمى يازما نۇسخىلار ئىكەن. بۇ يازما نۇسخىلار بېرلىنغا يۆتكەپ
بېرىلغاندا، شۇھامان تىلشۇناسلىقتىكى بىر زور كەشپىيات دەپ ھېسابلانغان. شىنجاڭدىكى
ئارخېئولوگىك قېزىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، پروفېسسور پىككېل (Pickee) نىڭ
تەشەببۇسى ۋە رەھبەرلىكى ئاستىدا، بېرلىندا شەرقشۇناسلاردىن تەركىب تاپقان
بىر مەخسۇس ھەيئەت تەسىس قىلىنغان. شۇچاغدا، بۇ ھەيئەت پرۇسسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ
مەدەت بېرىشى بىلەن زور راسخوتقا ئېرىشىپ، يېڭى بىر تەكشۈرۈش ئەترىتىنى
تەييارلىغان. بۇ ئەترەت «2 - قېتىملىق گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى» دەپ
(ياكى «تۇنجى قېتىملىق شاھى پرۇسسىيە ئەترىتى») دەپ ئاتالغان. ئا. ۋون.
لېكوك (بېرلىن ئېتنوگرافىيە بوۋۇگۆۋەنىنىڭ باشلىقى) بۇ ئەترەتنىڭ مەسئۇللىقىغا،
ئالدىنقى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتىگە قاتناشقان باردۇس تېخنىكا يېتەكچىلىككە
تەيىنلەنگەن. بۇ ئەترەتنىڭ خىزمىتى 1904 - يىلى كۈزدىن 1907 - يىلى 2 - ئايغىچە
داۋاملاشقان. بۇ مەزگىل ئىچىدە، ئا. ۋون. لېكوكنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا،
ئۇنىڭ ئورنىغا گرونۋېدىل تەيىنلەندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەكشۈرۈش ئەترىتى
باشقىدىن «2 - قېتىملىق شاھى پرۇسسىيە ئەترىتى» دەپ ئاتالدى. 1908 - يىلى
كوپېنھاگېن شەرقشۇناسلىق يىغىنىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەر، ئەينى ۋاقىتتا،
ئا. ۋون. لېكوكنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈش توغرىسىدا
قىلغان دوكلادى پەيدا قىلغان دەبدەبىدىنمۇ خەۋەردار. لېكوكنىڭ تۇرپاندا تۇرغان
ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، مۇھىمى قېدىمقى ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ غايەت زور خارا-
بىسى ئۈستىدە ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان؛ ئەمدى گرونۋېدىل بولسا،
ئاساسەن، كۇچار ۋە قاراشەھەر ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئىدىقۇت خارابىسى
شىنجاڭدىكى باشقا قېدىمقى شەھەر خارابىلىرىدىغا ئوخشاش بىر خارابە ئىدى؛ ئەمما
باشقىلاردىن پەرقى شۇكى، ئۇ چوڭ تەبىئەتنىڭ قۇدرىتى ئاستىدا ئەمەس، بەلكى
ئىنسانلارنىڭ قولىدا ۋەيران بولغان. تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ: بۇيەردىن تېپىلغانلىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە قەستەن زەخ-
مىلەندۈرۈلگەن ئالامەتلەر بار. مەلۇم بىر ئۆيدە راھىبلىق كىيىملىرى تىتما - تىتما

قىلىنىۋېتىلگەن جەسەتلەرنىڭ مالىماتاڭ ياتقانلىقىنى چىلىقىبدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ راھىپلار ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، شۇيەرگە تاشلىۋېتىلگەن ئوخشايدۇ. يەنە بىر يەردىن ئۈستىدە پارچە - پارچە قان داغلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاياللار كىيىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى چىقىرىلدى. دېمەك، بۇ شەھەر بىر قېتىملىق دىنىي ئۇرۇشتا (ئىسلامىيەتنىڭ تۇرپان رايونىغا بولغان غازاتىدا) ۋەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن. قېچىپ كېتەلمەي قالغان راھىپلار ۋە ئاھالىلار يا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، يا تۇتۇپ كېتىلگەن؛ شەھەر بولسا، بارا - بارا قۇم - توپا ئاستىدا قالغان. كۆمۈلۈپ قالغىنىمۇ ياخشى بوپتىكەن، ئەنە شۇ نەرسىلەر ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇنداق بولمىغان بولسا، زامانىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى، خۇسۇسەن، شۇ جايدىكى ئاھالىلارنىڭ ئىسلام دىنىغا يات قېدىمقى مەدەنىي يادىكارلىقلارغا بولغان ئاداۋىتى بۇ نەرسىلەرنى دۇنيادىن مەڭگۈ جۇدا قىلىۋەتكەن بولاتتى. يەر ئاستىدىن تەسادىپەن قولغا چۈشۈپ قالغان، ئىشلىتىش قىممىتى بولغان ياكى پۇلغا ساتقىلى بولىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇيەردىن ئېلىپ كېتىلگەن؛ ئەمدى ئىشلىتىشكە بولمايدىغان ياكى دىنىي ھېسسىياتقا مۇۋاپىق بولمىغان نەرسىلەر، ئالايلۇق، تامغا سىزىلغان سۈرەت قاتارلىقلار بۇزۇپ تاشلانغان. بەختكە يارىشا، يەنىلا خېلى نۇرغۇن نەرسىلەر بۇزغۇنچىلىقتىن ساقلىنىپ قېپقالغان. چوڭ كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇلغان غايەت زور قەلئە (ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2500 مېتىر، ئېگىزلىكى 20 مېتىر)، ئوخشاش ماتېرىيالدىن ياسالغان بىر مۇنچە مۇكەممەل قۇرۇلۇشلار ساقلىنىپ قالغان؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى زور كۆلەملىك ئىبادەتخانىلار (كۆپچىلىكى بۇددا دىنىنىڭ، بىرقىسمى مانى دىنىنىڭ، ئاز بىر قىسمى نېستورىيان دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى) بار. بۇلاردىن باشقا، بۇيەرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا (بېزەكلىك، مۇرتۇقلاردا) كېمىر ئۆي شەكىللىك ھەمدە كۆپ قەۋەتلىك ئىبادەتخانىلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ خارابە ۋە ئىبادەتخانىلاردا بۇددا دىنى ياكى مانى دىنى مەزمۇنىدىكى، جۈملىدىن، بۇت سۈرەتلىرى ياكى ئالىجاناپلار، راھىپلار سىزىلغان ناھايىتى چوڭ تام سۈرەتلىرى بار. بۇ سۈرەتلەردە ئىرقىي خۇسۇسىيەتلەر ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. گېرمانىيىلىك باردۇس ساقلىنىپ قالغان ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ مۇھىم تام سۈرەتلەرنى تامدىن پارچە - پارچە قىلىپ كېسىپ ئويۇۋېلىپ، ساندۇققا قاچىلاپ بېرلىنغا ئاپىرىپ، قايتىدىن كۆلىنى گۈللەندۈرۈپ قۇراشتۇرۇپ ئېتنوگرافىيە بوۋۇگۇەنگە كورگەزمىگە قويۇپ قويغان. ئۇنىڭ ئىچىدە مانى دىنى ئەربابىنىڭ سۈرىتى بولۇپ، ئۇ سۈرەتنىڭ ئەككىنچى بىر تەكشى يوق ئىكەن. ئىدىقۇت خارابىسىدىن يەنە ناھايىتى نۇرغۇن قېدىمقى يازما نۇسخىلارنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان (گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى قازغان جايلار ئېھتىمال ئەينى ۋاقىتتىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ كۇتۇپخانىسى بولسا كېرەك)، بەزىلىرى گويا قەستەن يىرتىۋېتىلگەن ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتى قولغا چۈشۈرۈپ، بېرلىنغا يۆتكەپ ئېلىپ

كەتكەن نەرسىلەر جەمئى 233 ساندۇق ئىكەن. لېكوك بىلەن باردۇس 1913 - يىلدىن 1914 - يىلغىچە شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم كەلگەن. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى، ئاساسەن، قەشقەر بىلەن كۇچار مىڭ ئوي ئارىلىقىدىكى جايلار ئىكەن. ئۇلار بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش - قېزىش ئارقىلىق تام سۈرەت، ھەيكەل، ياغاچ ئويما، تەڭگە يارماق، بىرمۇنچە يازما نۇسخىلار ۋە باشقا ئارخېئولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنى يادىكارلىقلاردىن بولۇپ جەمئى 152 ساندۇق نەرسىنى قولغا چۈشۈرگەن.

ھوشۇ مەزگىل ئىچىدە، ستەيىن ئەپەندى 1906 - يىلدىن 1908 - يىلغىچە شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، 2 - قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ قېتىم قولغا چۈشۈرگەن نەرسىلىرى بىرىنچى قېتىمقىسىدىن قېلىشمىغان. ئۇ ئالدىنقى قېتىمقىسىغا ئوخشاشلا، بۇ قېتىممۇ قەشقەر، خوتەننى بېسىپ ئۆتۈدىغان جەنۇبىي يول بىلەن گەنسۇغىچە بارغان ۋە ئۇ يەردىن ئايلىنىپ شىمالىي يول بىلەن قايتقان، تەكلىماكان قۇملۇقىنى يەنە كېسىپ ئۆتكەن. ئۇ خوتەننىڭ شەرقىدىكى جايلاردا (بەزىدە قۇملۇقتا خېلىلا ئىچكىرىلەپ كىرىپ) ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي قىسمىدا (ئىلگىرى شۋېتسىيىلىك سۋېنھېيدىنمۇ شۇ يەرگىچە بارغان ئىكەن) تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قۇم كۆچۈش بىلەن كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمقى شەھەر خارابىسىنى تاپقان (نەپىس ئويمىچىلىق سەنئىتى بىلەن بېزەلگەن ياغاچ تۈۋرۈكلەر قويۇلغان). بەزى ئويلىرىنى قېزىپ، شىمالىي ھىندى كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان تاختا كىتاپلارنى قولغا چۈشۈرگەن. مانا بۇلار بۇ شەھەرنىڭ ھىچ بولمىغاندا مىلادى 2 - 3 ئەسىردە تېخى مەۋجۇت ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يۇرت ئېھتىمال شىدەتلىك قۇم بورىنىنىڭ زەربىسى (ياكى ياۋ - دۈشمەننىڭ زەربىسى) ئاستىدا ۋەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداقتا كىتاپلار، ئاساسەن، مەزمۇنى ئاددى بولغان ھۆججەتلەر، خەت - چەك، ئالاقىلار بولۇپ، ئەخلەتكە تاشلىۋېتىلگەن ئىكەن. بەزى جايلىرىدىن شۇنچىۋالا كۆپ تاختا كىتاپلارنىڭ تېپىلغانلىغى، شۇ يەرنىڭ ئەمەلدارلار مەھكىمىسى ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ. تاختا كىتاپ خەت - چەكلىرىنىڭ شەكلى ناھايىتى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ ئىككى پارچە تاختا بولىدىكەن، سۈرۈپ سىلىقلانغان ھەم خەت يېزىلغان يۈزى بىر - بىرىگە چاپلاپ قويۇلىدىكەن، تېشىلگەن تۆشۈكىدىن شوينا ئۆتكۈزۈپ ئوراپ باغلاپ، ئۈستىدىن سۇرۇق بىلەن پېچەتلىۋېتىلىدىكەن،

ستەيىن ئەپەندى يەنە چارقىلىقنىڭ شەرقىدىكى مىرەن قورغىنى خارابىسىنى ھەمدە مىلادى 2 - ئەسىر بىلەن 3 - ئەسىردە ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بۇددىزىم ئىبادەتخانىلىرى خارابىلىرىنىمۇ تەكشۈرگەن. مىرەن قورغىنى جەنۇبىتىكى مۇھىم قاتناش يولىنى قوغداش ئۈچۈن قۇرۇلغان بولسا كېرەك. 8 - ۋە 9 - ئەسىرلەردە (ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ۋەيران بولغان ياكى بىكار قىلىنغان بولىدۇ) ئۇ يەردە تىبەت مۇھاپىزەتچى قوشۇنى تۇرغان ئىكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۈركلەرنىڭ ياكى باشقا مىللەتلەر-

www.uyghurkitap.com

نىڭ لەشكەرلىرى تۇرغان بولسا كېرەك. تىبەت مۇھاپىزەتچى لەشكەرلىرىنىڭ تۇرۇش شەرت - شارائىتى ناھايىتى ناچار بولغان. بۇلار تۇرغانلىكى ئۆيلەردە يىل بويى تۈپلەنىپ قالغان ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر دۆۋە - دۆۋىسى بىلەن تۇرىدىكەن. سىتەيىن ئەپەندى بۇ ئەخلەت دۆۋىلىرى ئارىسىدىن ھەرخىل ئەسۋاپلارنى، قۇرال — ياراقلارنى، كىيىم — كېچەكلەرنى ھەممە ھەرخىل تىلدا يېزىلغان مىڭ پارچىغا يېقىن تاختا كىتاپ ۋە يازما نۇسخىلارنى تاپقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قېدىمقى تۈركىي رۇنىك يېزىقىدا سامان قەغەزگە يېزىلغان مۇكەممەل بىر پارچە ھۆججەت ۋە خۇددى يەنە شۇ يېزىقتا يېزىلغان 3-4 پارچە قەغەز بار ئىكەن. بۇخىل يېزىق بۇنىڭدىن ئىلگىرى پەقەت موڭغۇلىيە ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى ھەم غەربىي سىبىرىيە يەنسەي دەريا ۋادىسىدىكى تۈركىي مەڭگۈ تاشلارغىلا چېكىلىپ قالغان ئىدى.

سىتەيىن ئەپەندى گەنسۇ دائىرىسىدىكى سەددىچىن سېپىللىرى ئەتراپىدىن يەنە مەزمۇنى ھەربىي ئىشلارغا دائىر بولغان خەنزۇچە تاختاكىتاپلاردىن بىر مۇنچىسىنى تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قېدىمقىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرى 98 - يىلغا مەنسۇپ ئىكەن. بۇ ھۆججەتلەر بىزگە شۇ چاغدىكى لەشكەرلەرنىڭ ئايلىق تەمىناتى، يېمەك - ئىچمىكى، قورال - ياراغلىرى ۋە سىگنال تۈرى (tur) تۈزۈمى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ.

سىتەيىن دۇڭخۇاڭدىن ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ يەردە مەشھۇر « مىڭ ئۆي » بولۇپ، تىك يارنى ئويۇپ ياسالغان تەخمىنەن بەش يۈزدەك كېمىر ئۆيلەردىن تەركىپ تاپقان؛ ئۇلار بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، بەزىلىرى ئىككى، بەزىلىرى ئۈچ قەۋەت. ئۆي ئىچىدە نۇرغۇن تام سۈرەتلەر ۋە بۇددىزىم ھەيكەللىرى بار. سىتەيىن ئەپەندى يېقىنقى يىللاردىلا بۇيەردىن بىر زور كۇتۇپخانا تېپىلغانلىقىنى (بىر نەچچە يىلدىن ئىلگىرى ۋاڭ پەمىلىلىك بىر ئۆيىنى بۇ ئۆيلەرنى رېمونت قىلىپ يۈرگەندە تاساتتىن ئۇچرىشىپ قالغان) ئاڭلاپ، ھەرخىل ئۇسۇل — چارىلەرنى قوللىنىپ، ئاخىر بۇ كۇتۇپخانىغا كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇۋالغان. كۇتۇپخانا يازما نۇسخىلار بىلەن تولغان ئىكەن، كېيىنكى تەتقىقاتلاردا مەلۇم بولۇشىچە، بۇ كۇتۇپخانا ئېھتىمال دۈشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەخمىنەن مىلادىنىڭ 1000 - يىلىدىن كېيىن پېچەتلىۋېتىلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئېچىلىپ باقمىغان بولسا كېرەك. ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ ناھايىتى بىجىرىم ساقلانغان. سىتەيىن ئەپەندى دەسلىۋىدە بەزى كىتاپ تۈگۈنلىرىنى ئوز ياتىقىغا ئەكىلىپ كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولسا، كېيىنچە تېخىمۇ كوپ كىتاپ تۈگۈنلىرىنى ئېلىپ چىققان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاڭ تويىنىنىڭ نەزىرىدە دىنىي كىتاپ ھېساپلانمىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولغان؛ نەتىجىدە، قېدىمقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرخىل تىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن قىممەتلىك يازما نۇسخىلارنى قولغا چۈشۈرىۋالغان. بۇلاردىن باشقا يەنە ئىبادەتخانىدا ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كەشتە سۈرەتلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇ

لوندونغا جەمئى 24 ساندۇق يازما نۇسخا، 5 ساندۇق كەشتە سۈرەتلەرنى ئېلىپ كەتكەن. ستەيىن 1913 - يىلدىن 1914 - يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە 3 - قېتىملىق تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ قېتىمقىسىدىمۇ خېلى زور نەرسىلەرنى تاپقان. ئۇنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تۆتىنچى قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشى (1916 - يىلى) مەملىكىتىمىزنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئاخىرغىچە داۋاملاشالماي قالغان.

فرانسىيىلىك مەشھۇر خەنزۇشۇناس پېللىئوتمۇ 1906 - يىلدىن 1907 - يىلغىچە شىنجاڭ ۋە دۇڭخۇاڭلاردا بولغان. ئۇ دۇڭخۇاڭدىن ستەيىن ئېلىپ كېتەلمەي قالغان يازما نۇسخىلارنىڭ كۆپۈنچىسىنى ئېلىپ كەتكەن، بۇلار ھازىر پارىژدا ئىكەن. پېللىئوت كۇچاردا قەدىمقى كۇچار تىلىدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان يازما نۇسخىلارنىڭ پارچىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. ياپونىيىمۇ شىنجاڭغا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ئېۋەتكەن: 1902 - يىلى داگۇگۇاڭروي قاتارلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان؛ 1910 - يىلى جۈيرۈيچاۋ جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يولنى تەكشۈرگەن ھەمدە دۇڭخۇاڭدىن بىرمۇنچە يازما نۇسخىلارنى قولغا كىرگۈزگەن. دۇڭخۇاڭ كۇتۇپخانىسىدا ئاخىرى ئېشىپ قالغان بىر قىسىم يازما نۇسخىلارنى ھۆكۈمىتىمىز بېيجىڭغا يۆتكەپ ئەكېلىۋالغان؛ ئۇلار ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

## II

يۇقىرىقى قىسقىچە مەلۇماتتىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن بۇيان ھەر قايسى جاھانگىر دۆلەتلەر بىزنىڭ شىنجاڭ ھەم دۇڭخۇاڭلاردىن سانسىز كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە كۆپ بولغان قەدىمقى مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى بۇلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە يازما نۇسخىلار ۋە ئويما نۇسخىلار (كۆلەنچە ياغاچ ئويمىغا بېسىلغان) ئاز ئەمەس. 70 - 80 يىلدىن بېرى ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى تىرىشىپ تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغانلىرى ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ شەكلى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال ھەر خىل ئىكەن. ماتېرىيال جەھەتتە، تاختا، قېيىن پوستى، قولۇلە قاسىرىقى (خۇددى ھىندىستاندا ئەنە شۇنداق ماتېرىيالغا يېزىلغان يازما نۇسخىلىرىغا ئوخشاش، ھەربىر يوپۇرماقنىڭ توشۇكىدىن شوينا ئۆتكۈزۈپ ئوراپ باغلاپ قويۇلغان)، تېرە، قەغەز ۋە شايى قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن. شەكىل جەھەتتىن ساندۇقچە شەكىل، ئورىما شەكىل قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلغان. ئۇلار ھەر خىل يېزىقلاردا (ئالايلۇق، خەنزۇچە، بىراھماچە، قارۇشتى، سوغدى، قەدىمقى ئۇيغۇرچە، مانىچە، سۈرىيىچە، ئەرەپچە، باكتىرىيانچە، باسباچە قاتارلىق يېزىقلاردا) يېزىلغان. تىلىنىڭ تۈرىنى ئالساق، ئون خىلدىن ئاشىدۇ (مەسىلەن، خەنزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى، قەدىمقى خوتەن — ساك تىلى، ئېفتالىتلار تىلى، قەدىمقى كۇچار تىلى،

www.uyghurkitap.com

قەدىمقى قاراشەھەر — ئىدىقۇت تىلى، سوغدى تىلى، قەدىمقى سۈرىيە تىلى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا قەدىمقى پارس تىلى، پاتىيانا تىلى، پارس تىلى، ئەرەپ تىلى، موڭغۇل تىلى، باكتىرىيانا تىلى، زاڭزۇ تىلى قاتارلىق تىللار ). مەزمۇنىغا كەلسەك، كۆپچىلىكنى دىنىي خاراكتېرلىك. تېپىلغان ئەدەبىيات ئەسەرلىرىمۇ، ئومۇمەن، دىنىي تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان. يۇقۇرقىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ئالاقە - ھۆججەتلەر، خۇسۇسىي خەت - چەكلەرمۇ بار. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ ئىچىدە تارىخىي ئەسەرلەر چىقىلتۇرۇلمىغان.

بۇ قەدىمقى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، كۆپلىگەن خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلارنى ھىسابقا ئالمىغاندا، شىنتەيىن ئەپەندى خوتەن رايونىدىكى قېزىشتا تاپقان، تاختىغا ۋە تېرىسىگە يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار، مەسىلەن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان، ئاساسەن، قارۇشتى يېزىقىدا ئوتتۇرا قەدىمقى سانسكرىت تىلىنىڭ شىۋىسىدە يېزىلغان ھەر خىل ئالاقە - ھۆججەتلەر ۋە خەت - چەكلەر ئالاھىدە ئورۇنىدا تۇرىدۇ. ئۇلار مىلادى 2- ئەسىرگە ياكى 3- ئەسىرگە مەنسۇپ. بۇلاردىن قالسا، سەل كېيىنرەك ۋاقىتقا مەنسۇپ بولغان بىراھما يېزىقىدا، سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان، ئاساسەن، بۇددىزىم دەستۇرىنىڭ يازما نۇسخىلىرى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئىلگىرى پەقەت ئىسمىلا مەلۇم بولغان ياكى خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدىنلا شۇنداق نەرسىنىڭ بار ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان بىرمۇنچە سانسكرىتچە ئەسەرلەرمۇ بار. بىزگە مەلۇم، جەنۇبىي تارماق بۇددىزمىنىڭ مۇقەددەس تىلى بارى تىلى ئىدى. شىنجاڭدا تېپىلغان بۇددا دەستۇرلىرى بولسا، كۆپىنچە سانسكرىتچە يېزىلغان. مۇبادا بۇلار بارى تىلىدىن سانسكرىت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ياكى ئۇلار بارى نۇسخىسىدىن كېيىنكى نۇسخىلاردەپ قارالسا، خاتا بولىدۇ. تۇۋەندىكى كوز قاراشنى ھەقىقەتەن توغرا دەپ ھىساپلاشقا بولىدۇ. ئەڭ قەدىمقى بۇددا دەستۇرى ئوتتۇرا قەدىمقى سانسكرىت تىلى شىۋىسىدە (Pnahnti - diateht) يېزىلغان، بۇ تىل ساكيامونىنىڭ يۇرتىسى (. موگىۋت — Moghot ) نىڭ شىۋىسى بىلەن بىردەك. پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندىلا، ئۇلار كەڭ قوللىنىلىدىغان سانسكرىت تىلى ۋە بارى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئىككى تىلدىن سانسكرىت تىلى شىمالىي ھىندىستان بۇددىزىمىنىڭ يېزىق تىلى بولۇپ، 6- ئەسىردە يۇقۇرى پەللىسىگە يەتكەن ئىدى.

شىنجاڭدا قېزىپ تېپىلغان يادىكارلىقلار ئارقىلىق بىز يەنە قەدىمقى ھىندى سانسكرىت تىلىدىكى شېئىرلار توغرىسىدا يەنىمۇ چوڭقۇرراق تونۇشقا ئىگە بولدۇق. بۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشىلەر پەقەت شائىر كالىداسا (Kalidasa — 5- ئەسىرنىڭ بېشىدا) نىڭ بەگزادىسىنىلا بىلەتتى، ئۇنىڭ پىشۋاسى توغرىسىدا بولسا، ھېچنىمىنى بىلمەيتتى؛ ئەمدى قېزىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە بۇنىڭغا دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەر بار ( گەرچە كۆپچىلىكى پارچە ۋاراقلار بولسىمۇ ). بۇلار لىرىك شېئىرلارنى، داستانلارنى ۋە دىراممىلارنى ( ھەممىسىدە بۇددىزىم ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، ئەلۋەتتە ) ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەرلەر دىنىي مەزمۇنغا مەنسۇپ بولغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ كىملىكىنى تېخى بىلەلمەيۋاتىمىز. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى كىشىلەر ئالاھىدە تىلغا ئالغىنى مانىڭ (كېيىنچە ھىندىستاندا تېپىلغان قەدىمقى يازما نۇسخىلار دېمۇ ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى بارئىكەن) بىلەن ھوزىلىنچىچۇ؛ بۇلارنىڭ نامىنى ئېنىق بىلىمىز.

تۇرپاندا قېزىپ ئېلىنغان يادىكارلىقلار ئىران تىل - ئەدەبىياتىنىمۇ مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. يەرلىك ئاھالىلار ئىچىدە قەدىمدىن تارتىپلا بىر مۇنچە ئىران تىلى تەركىپلىرىنىڭ بولغانلىقى شۈبھىسىز. شىنجاڭدا قەدىمقى ئىران تىلىدا يېزىلغان ناھايىتى كۆپ يازما نۇسخىلار تېپىلدى (بىر قىسمى ھازىرغىچە تېخى يېشەرلىك تەتقىق قىلىنغىنى يوق). بۇلارمۇ، ئومۇمەن، دىنىي مەزمۇنغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مانى دىنىنىڭ نەرسىلىرىمۇ بار. بۇلار توغرىسىدا ھەممىدىن ئاۋۋال ئىزاھ بەرگۈچى كىشى گېرمانىيە شەرقشۇناسى مۇللېر. يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، مانى دىنىنى مانى دېگەن پارس مىلادى 3 - ئەسىردە بەرپا قىلغان، بىر مەزگىل ناھايىتى كەڭ تارقالغان، تاكى ئوتتۇرا دېڭىز ۋە يۇنانلارغىچە — رىم دۇنياسىغىچە تارقالغان. ئەمما كېيىن بارا - بارا ھەممىلا يەردە زىيانكەشلىككە ۋە چەكلەشكە ئۇچرىغان. ئىلگىرى بىزنىڭ بۇ دىن توغرىسىدىكى مەلۇماتىمىز ئاساسەن مۇشۇ دىنىنىڭ رەقىبلىرى تەرىپىدىن كەلگەن: بىر قىسمى خىرىستىيان دىنىدىن، يەنە بىر قىسمى ئىسلامىيەتتىن كەلگەن. بىز مانى دىنىغا تەئەللۇق يازما يادىكارلىقلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدۇق - يۇ، ئەمما شىنجاڭدا مەزكۇر دىنغا تەئەللۇق يازما يادىكارلىقلار (گەرچە كۆپىنچىسى پارچە ۋاراقلار بولسىمۇ) تېپىلىشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق بىر نۇسخىسىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق. بۇ دىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك زەردۇشت دىنىنى ئاساس قىلغان دىن. بۇنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدىغان نۇقتىلار شۇكى، ئىككىلا دىندا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچنىڭ كۈرىشىگە ئەقىدە باغلايدۇ. شۇنىڭدەك، مانى دىنىدا ئەڭ ئاساسىي ھەردەرىجىلىك ئىلاھلارنىڭ ۋە ئالۋاستىلارنىڭ نامى زەردۇشت دىنىدىكى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن: Ahviman, Zavman دېگەنگە ئوخشاشلار. ئىلگىرى كىشىلەر «مانى دىنىغا خىرىستىيان دىنىنىڭ تەركىپلىرى ئارىلىشىپ قالغان» دەپ قاراشقان ئىدى، ھازىر، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنداق قاراش بىر مەسىلىدەك تۇرىدۇ (مانى دىنى بىلەن خىرىستىيان دىنى بىللە ئۆتكەن ھەمدە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. غەربىي ئاسىيا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەلۋەتتە). بۇ دىن بەزى جەھەتلەردە بۇددا دىنى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتەك تۇرىدۇ، لېكىن بۇ پەقەت شىنجاڭدىلا كۆرۈلگەن ئالاھىدە ھادىسە. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مانى دىنىغا تەئەللۇق يازما نۇسخىلار، ئومۇمەن، ناھايىتى رەتلىك، چىرايلىق يېزىلغان ھەمدە ئۇلارغا ناھايىتى نۇرغۇن ئېنتايىن گۈزەل سىزما سۈرەتلەرمۇ قىستۇرۇلغان؛

www.uyghurkitap.com

روشەنلىكى، بۇ — مانى دىنىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. خىرىستىيان دىنىنىڭ پوپى ئاۋگۇست قاتارلىقلار مانى دىنى مۇرىتلىرىنى «ئەيشى - ئىشرەت، بۇزۇپ - چېچىشقا بېرىلگەن، كىتاب - دەستۇرلارنى ھەر خىل بوياق ۋە ھەللەر بىلەن بېزەيدۇ، مۇقەددەس كىتابلارنى قەلىمى ئەڭ ياخشى كىشىلەرگە ئەلا سورتلۇق قەغەز ياكى تېرىلەرنى خىللىتىپ تۇرۇپ يازغۇزىدۇ» دەپ سۆككەن ئىدى. بۇنداق بولۇشى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مانىنىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭمۇ رەسسام ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

شىنجاڭدا تېپىلغان قەدىمقى ئىران تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى تۈت گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ: «Paktavi» پەھلىۋى تىلىنىڭ غەربىي جەنۇب شەكلىگە ئوخشاۋراق كېتىدىغان شۆۋىلىرى بىرىنچى گۇرۇپپا. «Paktavi» پەھلىۋى تىلى ساسانىلار خانىدانلىقىنىڭ (3- ئەسىردىن 7- ئەسىرگىچە) ھاكىمىيەت تىلى بولغان مەزمەدە شۇ چاغدا يەنە زەردۇشت دىنى مۇرىتلىرىنىڭ دىنىي تىلى بولغان. ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇكى، ساسانىلار خانىدانلىقى قوللانغان پەھلىۋىچىدە مەلۇم مىقداردا ئارامى سۆزلىرى (يەنى ئارامىچە مەنىلىك بەلگىلەر) ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئوقۇغاندا، ئوتتۇرا قەدىمقى پارسچە ئوقۇيدىكەن (Malka «پادىشا» دەپ يېزىپ «sah» دەپ ئوقۇيدىكەن؛ خۇددى ئىنگلىزچىدە «viz» قىلىپ يېزىپ، «namety» دەپ ئوقۇغانغا ئوخشاش). ئەمدى شىنجاڭدا تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردا بولسا، پەقەت ئوتتۇرا قەدىمقى پارسچىلا قوللىنىلغان. بۇ بىزنى پارسلارنىڭ 3 - ، 4 - ئەسىردە بۇ سۆزلەرنى نېمە دەپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىككىنچى گۇرۇپپىسى غەربىي شىمال شۆۋىسىدىكىلەر بولۇپ، ئۇ شۆۋە قەدىمقى پاتىيانلار (ئانتاكىلار- مىلادىيەدىن ئىلگىرى 3- ئەسىردىن مىلادى 3- ئەسىرگىچە) قوللانغان پەھلىۋى تىلى شەكلى (پاتىيانا تىلى — (Pavthivchtn بىلەن بىردەك. نېمىس ئادىمى ئاندىرىياس (Andneao) نىڭ پىكرىچە، بۇ شۆۋە ئاتالمىش خالىدە پەھلىۋى (chatdao Pahtavi) دىگەن تىل بىلەن بىر نەرسە ئىكەن. مەسىلەن، بۇشۆۋىدە «ئۈچ» دىگەنىنى «Hre»، «يۈرەك» دىگەننى «Zird» دەيدىكەن؛ بۇنداق دىيىش غەربىي جەنۇبى Paktavi شۆۋىسىدە Sih، dil دىگەنگە ئوخشمايدۇ.

ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تىلدىكىلەر بولۇپ، بۇخىل يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى سۈرىيە - ئەرەمەي يېزىقىدىن ئېلىنغان ھەم ئالاھىدە، چىرايلىق يېزىقتا (مانى يېزىقىدا) يېزىلغان؛ بۇ يېزىقنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىزاھلاپ، ئوقۇپ بەرگۈچى كىشى موللېر دۇر. يەنە بىر قىسىمىمۇ سۈرىيە - ئەرەمەي يېزىقىدىن ئېلىنغان دىگەندەك ئېنىق مۇقىملاشمىغان شەكىل (سوغدى يېزىقى) دە يېزىلغان. يېزىلغاندىمۇ سوغدىچىسىدىن بەلكى تېخىمۇ سۈۋاپراق، تېخىمۇ دۈگىلەكرەك قىلىپ يېزىلغان (بۇنداق يېزىقنى قەدىمقى سوغدىلار كەڭ قوللانغان ئىكەن؛ ئۇنىڭ شەكلىنى ئانچە - مۇنچە ئۆزگەرتىش ئاساسىدا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى كېلىپ چىققان. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى

كېيىن موڭغۇللار ۋە مانجۇلار قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن ھەممە بارا — بارا ئۆزگەرتىلىپ ھازىرقى موڭغۇل يېزىقى ۋە مانجۇ يېزىقى بولۇپ قالغان). مۇشۇنداق ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلىنى گېرمانىيە ئىرانشۇناسى ئاندرىياس ( Andneao ) سوغدى تىلى دەپ مۇقىملاشتۇرغان؛ سوغدى تىلى قەدىمقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىيانىلار ( sogdiana ) ھازىرقى سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى زەرەپشان ۋادىسىدا، بۇ سەمەرقەند بىلەن بۇخارالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) قوللانغان تىلدۇر. بۇ تىلنىڭ شىنجاڭدىمۇ قوللىنىلغانلىقى ئېنىق. بىز ئىلگىرى بۇ تىل توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيتتۇق، 10-ئەسىردىكى ئەرەپ تىلىدا يازغۇچى ئاپتور بىرۇنىينىڭ ئەسىرىدە مەزكۇر تىلنىڭ ئاي ناملىرى يېزىلغان. بۇ ئاي ناملىرى دەل يۇقۇرقى يادىكارلىقلاردا قوللىنىلغىنى بىلەن ماس كېلىدۇ (كېيىنكى تەتقىقاتلارمۇ ئىسپاتلىدىكى، Andneao ئەپەندىنىڭ سوغدى تىلى دەپ مۇقىملاشتۇرغىنى توغرا ئىكەن ). ھازىرقى پامىر ئىگىزلىكىدىكى Yaghnot لارنىڭ تىلى سوغدى تىلىغا ئەڭ يېقىن كېلىدۇ، ئۇلارنى قەدىمقى سوغدىلارنىڭ پۇشتى دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. بۇ تىل ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان بىر ئورتاق تىل بولغان. مانى دىنى يادىكارلىقلىرى ئاساسەن مۇشۇ تىلدا يېزىلغان. قەدىمقى ئۇيغۇر قاغانى قارا بالغاسۇن Kava - Batghaonu دا تۇرغۇزغان مەڭگۈتاش (توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈتېشى ) تىمۇ مۇشۇ تىل قوللىنىلغان، ئەپسۇسكى، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ سوغدى تىلى بىلەن يېزىلغان يۈزى بەكمۇ ئوچۇپ - ئۇۋۇلۇپ كەتكەن. بۇ مەڭگۈ تاشتا مانى دىنىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرلارغا تارقالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋال بايان قىلىنغان. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان قىسمى بولسا، تۈركى - رۇنىك يېزىقىدا يېزىلغان. ئىلگىرى بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ سوغدى تىلى يېزىلغان قىسمى خاتا ھالدا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى ( رۇسسىيىلىك رادلوپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دىگەن كىتاپقا يازغان كىرىش سۆزىدە ئەنە شۇنداق خاتالىقنى سادىر قىلغان ). كېيىن موللېر ئۇنىڭ ئەسلىيەتتە سوغدى تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مانى دىنىنىڭ سوغدى تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلىرىدىن باشقا، شىنجاڭدا يەنە نىستورىيان دىنى ھەم بۇددا دىنىنىڭ سوغدى تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلىرىمۇ تېپىلدى. سوغدى تىلىدىكى بۇددىزىم يادىكارلىقلىرى ( بۇلار سوغدى تىلىدىكى ئاساسىي يادىكارلىقلار ) سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى، بەزىلىرى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ( بەلكى ئىچكى ئۆلكىدە تەرجىمە قىلىنغان ) بولۇشى مۇمكىن. دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيىدىن ناھايىتى بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان سوغدى تىلىدىكى بۇددىزىم نۇملىرى تېپىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى يازما نۇسخىسى پېللىوتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئۇ ھازىر پارىژدا ساقلانماقتا. فرانسىيىلىك گائۇتىئو ( Goutiot ) ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئېلان قىلدى ۋە تەرجىمە قىلدى. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان سوغدى تىلىدىكى ئاساسىي يادىكارلىقلار تۆۋەندىكىچە: ستەيىن ئەپەندى ئېلىمىزنىڭ

تۇغقۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەنسۇ دۇڭخۇاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى خارابىدىن يىغىۋالغان بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمقى سوغدى تىلىدىكى خەت — چەكلەر ( مىلادى 4- ئەسىرگە مەنسۇپ، H.Reichlt ئېلان قىلغان ) :

ۋىمالا كىرتىنىردىسا — سۇترا ( vimalakirtinirdesa - sūtra )

ماخاپارىنىر ۋانا — سۇترا (MahaParinir vana - sūtra).

ماخاكارۇنا پۇنداركا — سۇترا ( MahakarunaPundarika - sūtra )

دىيانا — سۇترا ( Dhyana - suira )

سۇۋارنا پىراباسا ( Suvarna Prabasa ).

ياخشىلىق، يامانلىق، سەۋەب، نەتىجە نومى،

ۋاجرا چىدىكا — سۇترا ( vajracahedika - sūtra ).

دىرگانىسكا — سۇترا ( Dirghancckha - satra ).

نىلاكانتا دارانى ( Nilakanthadharani )

قاتارلىقلار

(يۇقۇرىدىكىلەر بۇددىزىم يادىكارلىقلىرى ) ، بۇلاردىن باشقا يەنە نىستورىيان دىنى، مانى دىنىغا ئائىت بىر مۇنچە يادىكارلىقلارمۇ بار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سوغدى تىلىنى تەتقىق قىلغۇچى مەشھۇر چەتئەل ئالىملىرى تۈۋەندىكىچە: ئەنگىلىيىلىك 'Makenzie ، Gershevitch گېرمانىيىلىك Hansen ۋە سوۋىت ئىتتىپاقىدىن Lershits ۋە باشقىلار.

يەنە بىز ھازىرغىچە بىلمەي كەلگەن توتىنچى گۇرۇپپىغا ياتىدىغان ئىران تىلىمۇ بار. گېرمانىيە شەرقشۇناسى E.leumana بۇ تىلنى بىرىنچى بولۇپ ئىزاھلاپ ئوقۇپ بەردى. دەسلىۋىدە بۇ تىلنى 2 - نامى نامەلۇم تىل ( sPrach II ) دەپ ئاتىدى؛ كېيىنچە بولسا، ( Nordarisch ) تىلى دەپ ئاتىدى. چۈنكى ئۇ، بۇ تىلنى ( ھىندىستاندىن ئىرانغىچە ) يالىئەن تىلىنىڭ ئۈچىنچى تارمىقىنى ھاسىل قىلىدۇ ( ھىندى ۋە ئىران تىلى بۇنىڭ سىرتىدا ) دەپ ھىساپلىغان. E.Leumana نىڭ بۇ تىلنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى كوزقارىشى خاتا ئىدى. Nordarisah تىلى دىگەن ئاتالغۇ كىشىلەر ئاغزىدىن ئاللىقاچان چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەسلىدە بۇ تىل ساپ ئىرانچە ئىدى. شەكىل جەھەتتىن قىسمەن سېلىشتۇرغاندا يۇقۇرقى ئۈچ خىل ئىران تىلىغا قارىغاندا تېخىمۇ قەدىمىرەك ئىدى. لۇغەت بايلىقىدا ھىندى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان نۇرغۇن سوزلەر بولغاچقا ئۇنى قارىماققا ئىران تىلى ئەمەستەك قىلىپ قويغان.

نورۋىگىيىلىك ستەن. كونوۋ 1914- يىلى « خوتەن تىلى تەتقىقاتى » ( Khotan stdies) دىگەن تېمىدىكى مەشھۇر ماقالىسىنى ( journalof theasiatic society ) دىگەن ژورنالدا ئېلان قىلىپ، بۇتىلنىڭ قەدىمقى خوتەننىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى قوللانغان

تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ تىل ئەينى ۋاقىتتا قەدىمقى ساك « sak » تىلىنىڭ بىر خىلى بولغاچقا، باشقا ساك تىللىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، « خوتەن - ساك تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە، ساكلار مىلادىدىن ئاۋالقى 2-، 3- ئەسىردىن ئىلگىرى ھازىرقى يەتتە سۇ ( ئىلى رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. ئۇلار مىلادى 2- ئەسىر ئەتراپىدا گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىن كەلگەن يەنە بىر خەلقنىڭ ئۇلۇق ياۋچىلار (دايۈەچى ) ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، جەنۇپ تەرەپكە كۆچۈپ، ئىران ئېگىزلىكى، غەربىي شىمالىي ھىندىستان ۋە پامىرلارغا كەتكەن ئىكەن؛ بىر تارمىقى جەنۇپقا كۆچۈش داۋامىدا قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تېرەك داۋانىدىن ئۆتۈپ، قەشقەر، مارالبېشى، خوتەنلەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىكەن. قەدىمقى خوتەن - ساك تىلى بەزى جەھەتلەردە ھازىرقى ئېلىمىزنىڭ پامىر رايونىدىكى ئىران تىلىنىڭ Sighnan — شىغنان ھەم Wachan — ۋاھان دىگەن شېۋىلىرىگە ئوخشايدۇ ( ئېلىمىزدىكى تاجىكلار مۇشۇ ئىككى خىل شېۋىدە سۆزلىشىدۇ ).

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا خېلى كەڭ قوللىنىلغان خوتەن - ساك تىلىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن شىنجاڭدا ناھايىتى نۇرغۇنى تېپىلدى. بۇ يادىكارلىقلار ھىندى براھما يېزىقىدا ( ئوتتۇرا ئاسىيا براھما يېزىقىنىڭ تىك شەكلىدە ) يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنىدىن قارىغاندا، كۆپلىگەن بۇددىزم نوملىرى، تىبابەتچىلىك كىتابلىرى ۋە باشقا خەت - چەك ھۆججەتلەردىن ئىبارەت. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تىلىدا شېۋە پەرقى ( يەنى زامان جەھەتتىكى پەرق ) بار. ھازىر مۇشۇ تىلدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ بىرقىسمى ئېلان قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىكى تەتقىقاتقا قارىغاندا، مارالبېشى - ساك تىلى بىلەن خوتەن - ساك تىلى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بولۇپ، بىرقەدەر قەدىمىي بولغان تىل تەققىيات باسقۇچىنى ۋەكىللىك قىلىدىكەن. خوتەن - ساك تىلىمۇ قەدىمقى خوتەن - ساك تىلى ۋە كېيىنكى خوتەن - ساك تىلى دەپ ئۆز ئارا ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدىكەن. ھازىرغىچە تېخى قەشقەر ساك تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار تېپىلغىنى يوق. بەزىبىر پارچە - پۇرات ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، شۇ چاغدىكى قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تىلىمۇ بىر خىل ساك تىلى بولۇشقا تېگىشلىك.

نورۋېگىيىلىك ستېن. كونوۋ، ئەنگىلىيىلىك H.W, Beily ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى Emmerik، Dresden لەر خوتەن - ساك تىلىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە بىر قەدەر زور تۆھپە ياراتقانلار.

ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان قەدىمقى خوتەن - ساك تىلىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى تۆۋەندىكىچە: سۇۋار ناپرا - تاسا - ئائۇتۋا (Stvarnapra - Thasa Autva)، سامكاتا - سۇترا (Samgkata - Sutra)، جاتاكا - ستاۋا (Jataka - stava)،

كىمكوكى (Kimkoki)، ۋاجناچېدىكا - ۋۇتنا (Vajnacchedika vutna)، ئاپارىمىتايۇس-
سۇترا (Aparimitayus - sūtra)، پراجناپاراميتا - سۇترا (Prajnaparamita - sūtra)،
سۇمۇكا - سۇترا (Sumukha - sütra)، ئاۋالوكىتېسۋارا - ستوترا (Avalokitesvara stotra)
ساددارما - پوندانىكا - ۋۇترا (Saddharma - pundanika - vutra) ۋە باشقى-
لار؛ تېبابەتچىلىككە ئائىت يادىكارلىقلاردىن داڭلىقراغى «Siddhasara» بار. ھازىرغىچە
ساقلىنىپ كەلگەن «خوتەن بەگلىگى تەزكىرىسى» قاتارلىق يادىكارلىقلارنى بەزىلەر
قەدىمقى خوتەن تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ (ئەسلى نۇسخىسى بىزگە يې-
تىپ كەلمىگەن). بۇ يەردە قەدىمقى خوتەن تىلىدا يېزىلغان ئەسلىدىكى بەزى شېئىر-
قوشاقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلار مەلۇم بىر قەدىمقى خوتەن
شائىرى باھارنى مەدھىيلەپ يازغان شېئىرنى (ئەسلى يازما نۇسخىسى ھازىر لېنىنگرادتا
بولۇپ، رەت نومۇرى E 21)، خوتەن ۋاڭى Samira نىڭ شۇ چاغدا گەنسۇ شاجۇغا ياتلىق
بولغان قىزىنىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ ئاتا - ئانىسىغا يازغان شېئىرىنى (ئەسلى يازما
نۇسخىسى ھازىر پارىژدا، رەت نومۇرى P 2027) ۋە باشقا بەزى لىرىك شېئىرلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شىنجاڭدا تېپىلغان يېڭى تىل تۈرلىرى يوقۇرىدا ئېيتىلغانلار بىلەنلا چەكلەن-
مەيدۇ. شىنجاڭدا يەنە تېخىمۇ مۇھىم يادىكارلىقمۇ تېپىلىپ قالدى: جەنۇبىي شىنجاڭ-
نىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچارلاردىن يەنە بىر خىل بىراھما
يېزىقىدا (ئوتتۇرا ئاسىيا بىراھما يېزىقىنىڭ ياندۇ شەكلىدە) يېزىلغان يازما نۇسخى-
لارنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى. ئەنگلىيىلىك Hoernler ۋە E. Leumana لار بۇ پارچىلارنى
تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ پارچىلار كىشىلەر پۈتۈنلەي بىلمەيدىغان بىر خىل تىلدا
يېزىلغان. كىشىلەر بۇ خىل تىلنى پۈتۈنلەي بىلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ نىمە دەپ
ئاتىلىشىنىمۇ بىلمەيدۇ - دە، ئەلۋەتتە. E. Leumana ئۇنى ئاۋال بىرىنچى خىل تىل
(SPrachi 1) دەپ ئاتىدى؛ كېيىن قەشقەر تىلى (Kaschgarich) دەپ ئاتىدى. بۇ
ئاتاشلار مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغاچقا، ھازىر بىكار قىلىندى. مۇللېر ئەپەندى بۇ تىلغا
«توخرى تىلى» دىگەن نامنى يازتىپ بەرگەندىن كېيىنلا، بۇ نام ئىلىم - پەن ساھە-
سىدىكىلەر ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى؛ ئەمما يەنە دەسلىۋىدە بۇ نامغا قارشى تۇرغۇچى-
لارمۇ بولدى. بۇ ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان: قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددى-
زىم نوملىرىدىن بولغان «Maitrisimit» («مائىترىنىڭ ئۇچرىشىشى» دەپ تەرجىمە
قىلىنىشقا بولىدۇ) نىڭ خاتىمىسىدە: بۇ كىتاپ ھىندى تىلىدىن Toqri تىلىغا تەرجىمە
قىلىنغان (تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، «توزۇپ چىقىلغان» دىيىشكە تېگىشلىك) Toqri
تىلىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان، دەپ يېزىلغان. ھەقىقەتەن نامى نامەلۇم بول-
غان بۇ خىل تىلدىكى يازما نۇسخىلارنىڭ پارچىلىرىدا دەل مۇشۇ بۇددىزىم نومىنىڭ
پارچىلىرى بار (ئۇنىڭدا «Maitreyasamiti» دەپ يېزىلغان)، مەزمۇنى تۈركىي تىلدىكى

نۇسخىسى بىلەن ئوخشاش. شۇنىڭ بىلەن، موللېر تۈركىي تىلدىكى نۇسخىسىدا كۆرسىتىل-
گەن توخرى تىلى دېگەن تىل ئەنە شۇ تىل دەپ ھېساپلىغان. بۇ يەردە موللېر
قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ خاتىمىسىدە ئېيتىلغان Toqri تىلى، ئەينى ۋاقىتتا
تارىخىي كىتاپلاردا ئۇچرايدىغان قەدىمقى توخرىلارنىڭ (ھازىرقى ئاۋغانىستاننىڭ شىما-
لىي قىسمىدا ئولتۇراقلىق بولغان) تىلى دەپ قاراملىق بىلەن ھۆكۈم قىلغان. باشقا
بەزى كىشىلەر بولسا (مەسىلەن، رۇسسىيىلىك Stael - Holstein ۋە ستەن. كۇناۋ)
«توخرى» دېگەن بۇ نامنى قەدىمقى خوتەن - ساك تىلىغا قارىتىپ قوللىنىش كېرەك
دەپ قارىغان. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە، گېرمانىيىلىك ئىككى نەپەر شەرقشۇناس Sieg بىلەن
Siegling بېرلىندە ساقلىنىۋاتقان مۇشۇ تىلدىكى يازما يادىكارلىقلارنى يەندۇ ئىلگىرى-
لەپ تەتقىق قىلغان. ئۇلار 1908 - يىلى ئېلان قىلغان «توخرى تىلى - ھىندى سى-
كىتلارنىڭ تىلى» دېگەن ماقالىسىدا: بۇ تىل بىر - بىرىدىن ناھايىتى پەرقلىنىدىغان ئىككى
خىل شىۋىگە بولۇنىدىغانلىقىنى، بىرىنچىسى A شىۋە، ئىككىنچىسى B شىۋە دەپ ئاتىلىدى-
غانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇلار بۇ تىلنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرى ۋە سۆز بايلىقىنى يەنە-
مۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنى بىر خىل ھىندى - ياۋروپا تىلى، ئەمما ئاسىيادىكى
ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدىن ھىندى - ئىران تىلىغا ئوخشىمايدىغان، غەربىي ياۋروپادىكى
يۇنان، لاتىن، كەلت، گېرمان تىللىرىغا يېقىن كېلىدىغان بىر خىل تىل دەپ قارىغان.
مەسىلەن، «سەككىز» دېگەن سۆز A شىۋىدە okadh، B شىۋىدە okadh بولۇپ، يۇ-
نان تىلىدىكى okto ، لاتىن تىلىدىكى octo دېگەنگە باراۋەر (سانسكرىت تىلىدا بولسا،
astau )؛ «يىگىرمە» دېگەن سۆز A شىۋىدە Wiki ، B شىۋىدە ikan بولۇپ، يۇنان
تىلىدىكى Vikati (dori شىۋىسىدە)، eikosi لاتىن تىلىدىكى Viginti دېگەنگە باراۋەر؛
«يۈز» دېگەن سۆز A شىۋىدە kandh، B شىۋىدە kante بولۇپ، يۇنان تىلىدىكى
hekaton ، لاتىن تىلىدىكى centum (kentum دەپ ئوقۇلىدۇ) دېگەنگە باراۋەر، ئەم-
ما ھىندى - ئىران تىلىدا بولسا، satam دېيىلىدۇ؛ «ئات» دېگەن سۆز A شىۋىدە
yakwe، B شىۋىدە yuk بولۇپ، لاتىن تىلىدىكى equns (سانسكرىت تىلىدا بولسا،
asva - s ، قەدىمقى پارس تىلىدا asPa دېيىلىدۇ)، دېگەنگە باراۋەر؛ «ئىت» دېگەن
سۆز B شىۋىدە Ku بولۇپ، يۇنان تىلىدىكى kuon, kyon (سانسكرىت تىلىدا بولسا،
sva, svan دېيىلىدۇ) دېگەنگە باراۋەر؛ باشقا «دېگەن» سۆز «alyek» بولۇپ،
لاتىن تىلىدىكى alius دېگەنگە باراۋەر. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ تىلنىڭ پېئىللىرىنىڭ ئوت-
تۇرا دەرىجىسى، يەنى مەجھۇل شەكلى لاتىن تىلى، كەلت تىلىنىڭكى بىلەن ئوخشاش؛
مەسىلەن، B شىۋىدە «cmetar» («تۇغۇلدى») دېگەن سۆز لاتىن تىلىدىكى
«nasCitur» بىلەن ئوخشاش. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ تىل پۈتكۈل تاشقى شەكلى جەھەت-
تىن يوقۇرقىدەك ياۋروپا تىللىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ قەدىمقى خەلقنىڭ
قانداق قىلىپ شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسى-

دا بىز ھازىر ھېچنەرسە بىلمەيمىز. شۇنداق بىر قاراش باركى، ئۇنىڭدا: قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلىق بولغان ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش ھەركىتىدە، بىر تارمىقى ياۋروپاغا، بىر تارمىقى جەنۇپ تەرەپتىكى ئىران ئېگىزلىكى ۋە ھىندىستانغا كۆچۈپ كېتىپ، يەنە بىر قىسمى شۇ يەردە قېپقالغان؛ ئوتتۇرا ئاسىيادا قېپقالغان بۇ بىر قىسىمنىڭ بىر قىسمى تارىختىن بۇرۇنقى بىزگە نامەلۇم بولغان بىر ۋاقىتتا بولۇپ ئۆتكەن غەرپتىن شەرققە كۆچۈش ھەركىتىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا كېلىپ قالغان، دەيدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ كۆچۈش ھەركىتى قاچان ۋە قانداق بولغانلىقىدىن بىزنىڭ پۈتۈنلەي خەۋىرىمىز يوق. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى تارىخىي كىتابلىرىدا بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ تاشقى ئالاھىدىلىكى تەسۋىرلىنىپ „كۆزى چوڭقۇر، بۇرنى ئېگىز" دېيىلگەن. مەسىلەن، «شىمالىي سۇلالە» 97 - جىلد «خوتەن تەزكىرىسى» دە: „ئىدىقۇتنىڭ غەربىدىكى ھەر قايسى بەگلىكلەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆزى چوڭقۇر، بۇرنى ئېگىز كېلىدۇ" دەپ يېزىلغان. بۇ ئەھۋال شۇ رايوندىكى مىڭ ئۆي تام سۈرەتلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن (ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ ئالامەتنىڭ تەسىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.) دېمەك، „توخرى تىلى" دېگىنىمىز تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەنە شۇ قەدىمقى خەلقنىڭ تىلى.

پېللىوت ئەپەندى كۇچار ئەتراپىدىن مۇشۇ تىلنىڭ B شېۋىسىدە يېزىلغان تاختا خەت (يول خېتى) تاپقان. فرانسىيە ئالىمى S.Levi 1913 - يىلى „B خىل توخرى تىلى" يەنى كۇچار تىلى توغرىسىدا" دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاندىكى، بۇ خىل تىل 7 - ئەسىر ئەتراپىدا (تاختا خەتتە مۇشۇ زاماندا ئۆتكەن بىر ۋاڭنىڭ ئىسمى، يەنى «تاگنادە» دە ئېيتىلغان Suvartep نىڭ ئىسمى يېزىلغان) شۇ يەردە ئورتاق قوللانغان تىل بولغان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن مۇشۇ تىلدا يېزىلغان يازما نۇسخىلار پارچىلىرى يا بىۋاستە، يا ۋاستىلىق ھالدا سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان. گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى تاپقان يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدە ئاز بىر قىسمى A شېۋىدە يېزىلغان يازما نۇسخىلار بولغاننىڭ سىرتىدا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك B شېۋىدە يېزىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، فرانسىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ھەققىي توخرى تىلىنىڭ مەڭگۈ تېشىنى (بۇمۇ ئىران تىلى، يۇنان يېزىقى بىلەن يېزىلغان) تاپقان. شۇنداق بولغاچقا، ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ كۇسەن، قارا شەھەر، ئىدىقۇت ئەتراپىدا قوللىنىلغان تىلنى ئەمدى يەنە توخرى تىلى دەپ ئاتىماي، بەلكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۇسەن تىلى (كۇچار تىلى) (B شېۋىسى)، قارا شەھەر - ئىدىقۇت تىلى (A شېۋىسى) دەپ

ئاتاش زورۇر بولۇپ قالدى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىلەردە ناھايىتى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھازىر مۇشۇ تىلنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى داڭلىقراقلىرى تۆۋەندىكىچە: Thomas ،Krause ،Corvreur ،Wmdekens، Lane، كوتەيچۇن ۋە باشقىلار.

قېدىمقى كۇسەن - قارا شەھەر تىلىدا يېزىلىپ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى دىراما بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى «Maitreyasamitinataka» («مائىترېنىڭ ئۇچرىشىشى» دېگەن دىراما، جەمئى 27 پەردىلىك، nataka سانسكرىت تىلى بولۇپ، «دىراما» دېگەن مەنىدە)؛ يەنە بىرى «ناندانىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى دىراما». شېئىر - قوشاق جەھەتتىن ئالساق، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن شېئىر - قوشاقلار بار. يەنە نۇرغۇنلىغان خەلق چۆچەكلىرىمۇ بار. مەسىلەن: «رەسسام بىلەن ياغاچچى ھەققىدىكى چۆچەك»، «ۋەلىئەھد فۇلى ھەققىدىكى چۆچەك» قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا، تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتاپلار، لۇغەتلەر (سانسكرىت تىلى - كۇسەن تىلى، كۇسەن تىلى - قېدىمقى ئۇيغۇر تىلى دېگەنگە ئوخشاش)، ئىبادەتخانا ھېساپ دەپتەرلىرى، ئالاقە - ھۆججەتلەر، تام سۈرەتلىرىنىڭ ماۋزۇسى ۋە خاتىمىسى قاتارلىقلارمۇ بار.

يېقىندا يەنە قېدىمقى كۇسەن تىلىدا يېزىلغان «مانىخا مەدھىيە» دېگەن ئەسەر تېپىلدى.

قېدىمقى كۇسەن - قارا شەھەر تىلىدا يېزىلغان بۇددىزىم يادىكارلىقلىرىدىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە: ئۇدانارارگا (udanararga) ۋە شۇ ھەققىدىكى ئىزاھ ئۇدانالامكارا (udanalamkara)، ساتپانكا — ساتىكا — ستوترا (satpanca - satika - stotra)، پىرايياسكىتتىكا (prayascittika)، پراتىموكسا (Pratimoksa)، پراتىدېسانىيا (Pratidesaniya)، كارماۋىبانگا (Karmavibanga) ۋە باشقىلار.

يوقۇرقىلاردىن باشقا، شىنجاڭدا تېپىلغان ھىندى - ياۋروپا سىستېمىسىدىكى قېدىمقى تىللار يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەنلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، شىنجاڭدا تېپىلغان ئەفتالىتلار تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە يېقىندا بوسۇپ ئۆتۈش خاراكتېرلىق زور ئىلگىرىلەش بولدى. ھازىر مەلۇم بولدىكى، ئەفتالىت تىلى (ھېچبولمىغاندا ئەفتالىت يېزىق تىلى) پېللىوت ئەپەندى 30 - يىللاردا مولچەرلىگەندەك ئۇنداق بىر خىل موڭغۇل تىلى ئەمەسكەن (مەزكۇر ئەپەندىنىڭ 1931 - يىلى ئېلان قىلغان «La MauteAsie» — «ئىچكى ئاسىيا» دېگەن كىتاپچىسىغا قارالسۇن)، بەلكى بىر خىل ئىران تىلى ئىكەن.

شىنجاڭدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردىن ھېچقانداق بىر كونكرېت تىلشۇناس-

لىق تۈركىي تىلشۇناسلىقىغا ئوخشاش شۇ قەدەر زور مەنپەئەتكە ئىگە بولغىنى يوق.
يۇقۇرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا شىنجاڭدا
تۈركىي خەلق تەركىبى بارا - بارا يەرلىك ئاھالىنىڭ كۆپ سانلىق قىسمىنى تەشكىل
قىلىپ، ئاخىرى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان. شۇنداق بولغاچقا، شىنجاڭدىن تېپىلغان قەد-
دىمقى يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە تۈركىي تىلدىكىسىنىڭ خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگەللىشى
ھەيران قالارلىق ئەھۋال ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىلگىرى بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىم-
قى ئۇيغۇرچە، يەنى تۈركچە ئەدەبىي ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىگ» 1069 - يىلى قەشقەر-
دە يېزىلغان. بۇنىڭدىنمۇ قەدىمقىرەكىنى ئالساق، موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا تېپىل-
غان قەدىمقى تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە يىل - ۋاقتىنى بەلگىلەشكە بو-
لىدىغىنى 8 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا مەنسۇپ. شىنجاڭدا تېپىلغان تۈركىي تىلدى-
كى يازما يادىكارلىقلار تىل جەھەتتىن ئالغاندا موڭغۇلىيە مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىلى بىلەن
ئومۇمەن ئەينى بىر تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغانلىقى مەلۇم، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەقەت
شىۋە پەرقلا بولغان. شىنجاڭدا تېپىلغان تۈركچە يازما يادىكارلىقلاردا قوللىنىلغان
يېزىقنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ. ئەڭ كۆپ قوللىنىلغىنى يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، قەد-
دىمقى ئۇيغۇر يېزىقى، ئۇنىڭدىن قالسا، مانى يېزىقى، ئۇنىڭدىن قالسا، براھما يېزى-
قى. ئەڭ ئاز قوللىنىلغىنى رونىك يېزىقى. ئۈچ چوڭ دىنغا ئائىتلىرى ئىچىدە بۇددى-
زىمنىڭ نەرسىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، كۆپۈنچىسى قارا شەھەر - كۇسەن تىلىدىن ۋە
خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان؛ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە زاڭزۇ تىلىدىن تەرجىمە
قىلىنغان؛ ئەسلى نۇسخىسى بىزگە يېتىپ كەلمىگەن ئەسەرلەردىن تەرجىمە قىلىنغانلى-
رىمۇ بار. بۇلاردىن باشقا، ھىندى ئەسەرلىرىنى مەنبە قىلغان تەرجىمە ئەسەرلىرىمۇ
بار. مەسىلەن، مەشھۇر ھىندى تارىخىي داستانى «Mahabharata» ۋە چۆچەكلەر توپ-
لىمى «5 توملۇق كىتاب — Pancatantra» ۋە باشقىلار. مانا بۇ شۇ چاغدىكى تۇر-
پانلىقلارنىڭ بۇ ئىككى داڭدار ئەسەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلاردىن
باشقا يەنە مانى دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدە
دىن تارىخى تەتقىقاتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان «مانى دىنى تۆۋبىنامىسى»
بار. دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان، قەدىمقى تۈركىي - رونىك يېزىقىدا خېلى ئېسىل قەغەزگە
يېزىلغان بىر مۇكەممەل كىتابچىمۇ مانى دىنىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتابچىنى
دانىيىلىك تامسىن ئەپەندى ستەيىن ئەپەندىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن ئېلان قىلغان ۋە
تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتابچىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىمىسىگە قارىغاندا، بۇ كىتابچە ئىسمى
تىلغا ئېلىنغان ئىككى نەپەر كىچىك بالا ياكى ياش بالا ئۈچۈن يېزىلغان. ئۇنىڭ مەز-
مۇنىغا قارىغاندا، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدا رەم ئېچىش مەزمۇن قىلىنغان
پالنامە ئىكەن (تۈركىي تىلدىكىي ئەسلى نۇسخىسى yrk bitig دېيىلگەن). ئۇ-
نىڭدىن باشقا يەنە ئاز قىسىم نىستورىيان دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلارمۇ بار؛ ئۇنىڭ

ئىچىدە ساختا مۇقەددەسنامە (Evangelien) دىن ئېلىنغان ئۈچ راھىپنىڭ بەيتۇل-
ھەمگە تاۋاپ قىلغانلىقىنى توغرىسىدىكى ھىكايىمۇ بار.

شىنجاڭدىن قېدىمقى تۈركىي تىلدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ناھايىتى كۆپ
تېپىلىشى نەتىجىسىدە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتمۇ بىر يېڭى دەۋرگە كىردى. 1908 - يى-
لى گېرمانىيىلىك موللېر بىرىنچى توم «قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلار ئۈستىدە
تەتقىقات» (uigurica I) نى ئېلان قىلدى. 1910 - يىلى ئىككىنچى تومنى، 1922 -
يىلى ئۈچىنچى تومنى ئېلان قىلدى. تۆتىنچى تومنى بولسا، ئۇ ۋاپات بولۇپ كەت-
كەندىن كېيىن ئائىنمارى. ۋون. گابائىن خانىم نەشىر قىلدۇردى. گېرمانىيىلىك لېكوك
ئۈچ توم «ئىدىقۇتتا تېپىلغان تۈركىي تىلدىكى مانى دىنى يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە
تەتقىقات» (Türkische Manichaica aus chotscho I .II .III ,1911 ,1919 ,1922)
نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە تۈركشۇناسى W.Bang ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى
گابائىن ئىككىسى 1929 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالتە توملۇق «تۈركىي
تىلدىكى تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى» (Türkische Turfan-teyte I-VI G·R·Rachmati)
ئالتىنچى تومنىڭ ئىشىغا قاتناشتى) نى ئېلان قىلدى. گابائىن
1935 - ، 1938 - يىلى قېدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۋەنجۇاڭنىڭ تەرجىمە
ھالى» توغرىسىدا ئىككى پارچە تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. 1937 - يىلى
Rachmati «تۈركىي تىلدىكى تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى» نىڭ 7 - تومىنى ئېلان
قىلدى (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسترونومىيىگە دائىر ھۆججەتلەر ۋە قېدىمقى ئۇيغۇر تىبابەت-
چىلىكىگە ئائىت ئىككى پارچە ئەسەر، يەنى ( Zur Heilkunde der uiguren I .II) بار
رۇسسىيىلىك W. W. Rodloff قېدىمقى ئۇيغۇرچە بۇددانومى «جاھان تېچلىقى دەستۇرى»
(Tisaastvustik) 1910 - يىل، «گۆھەر سىئىم پۇسار» 1911 - يىل، «ئالتۇن يارۇغ» 1913 -
يىل، (مالوپ بىلەن بىرلىكتە) ۋە «قېدىمقى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار تو‌پلىمى»
(«uigurische sPrachdenkmaler») ، 1918 - يىلى، رادلوپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مالوپ
نەشىر قىلدۇرغان) قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى. فرانسىيە شەرقشۇناسى پېللىوت 1914-يىلى
«قېدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا ياخشىلىق ھەم يامانلىق دىگەن ئىككى تېگىننىڭ ھىكايىسى»
Le version ouigourede l'h istoire de Princes dePrinces Kalyanamakaraet PaPam
نى ئېلان قىلدى. ياپونىيىلىك يۈتىيەنخىڭ «قېدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سەككىز يۈك-
مەك نومى توغرىسىدا» (Sekiz yükmek) (داجىڭ كالىندارىنىڭ 4 - يىلى) ، «قې-
دىمقى <ئابىدارىم قوشاۋاردى شاستىر> نىڭ قېدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمە
نۇسخىسى توغرىسىدا» (Abidarim koxavardi xastr) (داجىڭ كالىندارىنىڭ 14 -
يىلى) ۋە تۈركىي تىلدىكى «لىنخۇا چەچەك ئۈزەكى ئىنتىگى ياراتىمى ئاتلىغ سۇدۇر

نوم بىتىگ توغرىسىدا» (Linhua qəqək üzəki itigi yaratiqi atliq sudur nom bitig) (شياۋخى كالىندارىنىڭ 28 - يىلى) قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى. بۇ كىشىلەر قېدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ پارچىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىمۇ ئېلان قىلغان، بۇ يەردە بىر - بىرلەپ كورسىتىپ ئولتۇرمايمىز.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئارىلىقتا بىر مەزگىل تۇرۇۋېلىپ، 50 - يىللاردىن باشلاپ ھەر قايسى ئەللەردە قېدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئېلان قىلىش ئىشى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۇرۇلدى. گېرمانىيە ھامبورگ داشۇيىسىنىڭ مەشھۇر تۇركشۇناسى ئانىمارى. ۋون. گابائىن خانىم 1957 - يىلى غەربىي گېرمانىيەنىڭ ميۇنسى دېگەن يېرىدە (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر قىسىم قېدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلار بېرلىندىن شۇ يەرگە يوتكەلگەن ئىدى) ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «مائىترىنىڭ ئۇچرىشىشى» (Mait-risimit) دېگەن دىرامىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلان قىلدى ھەمدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات دوكلادىنىمۇ قوشۇپ ئېلان قىلدى. بۇ خانىم 1961 - يىلى يەنە شۇ ئەسەرنىڭ بېرلىندا ساقلانغان قىسمىنى ئېلان قىلدى. گېرمانىيە تەشكىللىگەن تۇت قېتىملىق ئارخېئولوگىك تەكشۇرۇش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىدىن يالغۇز قېدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارلا ئون مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بېرلىندە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ قېدىمقى مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن باشقىلىرى (مەسىلەن، تام سۇرەتلەر، ھەيكەللەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار)، ئاساسەن، ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تەلىيىمىزگە يارىشا مۇشۇ بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلار ئانچە زور زىيانغا ئۇچرىماي ساقلىنىپ قاپتۇ. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەن بۇ بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلار قايتىدىن گېرمانىيەگە (شەرقىي گېرمانىيەگە) ئېلىپ كېلىنگەندە، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قايتىدىن تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ھەيئىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ جەھەتتىكى خادىملارنى تەربىيىلەش (ئۇرۇش ھەم ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيىنىڭ ئىككىگە بولۇنۇپ كېتىشى سەۋەبلىك شەرقىي گېرمانىيىدە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتچى خادىملار يېتەرسىز بولۇپ قالغان ئىدى) ئىشى چىڭ تۇتۇلدى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، شەرقىي گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى «بېرلىندىكى تۇرپان تېكىستلىرى» (Ber × Liner Turfan — teyte) دېگەن باش ماۋزۇ ئاستىدا قېدىمقى ئۇيغۇرچە ھەم مانىچە يازما يادىكارلىقلاردىن 7 - 8 توپلام چىقاردى (تۇرپاندا تېپىلغان باشقا تىللاردىكى يازما يادىكارلىقلار بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس). گېرمانىيىنىڭ بۇ قېتىم قېدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئېلان قىلىشتا ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىسىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ھەر بىر پارچە قېدىمقى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىققا كىرىش سوز، لاتىنچە ھەرپلەر بىلەن ئوقۇلۇشى- نېمىسچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھلارنى بەرگەنلىكى سىرتىدا، پۇتۇن سۇرەتلەرنى بىللە

قوشۇپ بېرىدىغان بولدى. (ئۇرۇشتىن ئىلگىرى بىر - ئىككىلا پارچە سۈرەت بېرىپ
قويالتتى ياكى پۈتۈنلەي بەرمەيتتى)؛ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت بۇ قىممەتلىك يازما
يادىكارلىقلار كېيىنكى يېڭى ئۇرۇشلاردا پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كېتىپ يوقىسۇن دى-
گەندىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

رانسىيە 50 - يىللاردىن باشلاپ، «پېللىوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخىولو-
گىك تەكشۈرۈشى» (Missiau Paul pielliot) دىگەن باش ماۋزۇ ئاستىدا، 20 -
ئەسىرنىڭ بېشىدا پېللىوتنىڭ شىنجاڭدا ۋە دۈڭخۇاڭدا ئارخىولوگىك تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىپ قولغا چۈشۈرگەن ھەر خىل قەدىمقى يادىكارلىقلارنى ئارقا - ئارقىدىن توم قىلىپ
ئېلان قىلدى. قەدىمقى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىلا 1971 - يىلى بىر چوڭ توم
قىلىپ ئېلان قىلدى، قالغان قىسىملىرىنى نوۋەتتە ئېلان قىلماقچى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، بولۇپمۇ 50 - يىللاردىن باشلاپ، ياپونىيەمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر-
چە يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.
ئۇلار مەخسۇس غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، ئىلگىرى ياپون-
يىلىك داگۇگۇاڭرۇي يېتەكچىلىكىدە شىنجاڭدا ئارخىولوگىك تەكشۈرۈش ئەتىردى قول-
غا كىرگۈزگەن مەدەنىي يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى مەخسۇس تەتقىقات نەتىجىسى مەزكۇر
جەمئىيەت نەشىر قىلدۇرغان زور تىپتىكى مەشھۇر ئەسەر «غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەت-
قىقاتى» نىڭ تۆتىنچى تومىدا ئېلان قىلىندى. ياپونىيىلىك پروفېسسور شەن تيەنشىنفۇ،
ئاساسەن، تەكشۈرۈپ تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىكى ئىجتىمائىي
ئىقتىساتقا دائىر ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىكى ئەھ-
ۋاللارنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۇ ياۋروپا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تۈركىيەلەردىكى ئالاقىدار
كۇتۇپخانا، بوۋۇگۇەنلەرگە ئالايىتەن زىيارەتكە بارغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ياپونىيە-
لىك جۇاڭخېڭپىيجىڭخۇڭ، شياۋتيەنشۇدىيەن، ەسۇنتەن، بەيجىكاڭيى قاتارلىقلار ئەنگىلىيە
لوندۇن شەھىرىدىكى بۈيۈك ئېنگىلىز بوۋۇگۇەنى قاتارلىق جايلاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان
قەدىمقى ئۇيغۇرچە بۇددىزىم يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىشى بىلەن مەخسۇس
شۇغۇللانماقتا.

تۈركىيەمۇ ئۇرۇشتىن كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش
جەھەتتە تۆھپە ياراتتى (ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۇلار قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنى
تەتقىق قىلىش جەھەتتە، پەقەتكىنە گېرمانىيىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى
تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش بىلەنلا چەكلىنەتتى). سائادەت چاغاتاي «ئالتۇن يارۇغ»
نىڭ بىر قىسىم بولۇملىرىنى تەتقىق قىلدى. رەھمەت ئارات گېرمانىيىدىن تۈركىيىگە قايت-
تىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاساسەن، قاراخانىلار يازما يادىكارلىقلىرىنى (مەسىلەن: «قۇتادغۇ
بىلىگ»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق) تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى؛ قەدىمقى ئۇيغۇر-
چە يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئانچە شۇغۇللانمىدى (ماتېرىيال چەكلىمىسىگە ئۇچرا-

غان بولسا كېرەك)؛ مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە پەقەت بىر نەچچىلا قېدىمقى ئۇيغۇرچە ھۆججەتنى ئېلان قىلدى جافېرئوغلۇ «قېدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» نى تۈزۈپ چىقتى.

سىناس تېكىننىڭ باش تەھرىرلىكىدە، ئامېرىكا 1969 - يىلى زور تېپتىكى قېدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلار توپلىمى «ئابىدارىم قوشاۋاردىن شاستىر» قاتارلىقلار (Abidarim koxa vaŗdi xastr) نى ئېلان قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى 50 - يىللاردا س ئى. مالوۋنىڭ «قېدىمقى تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» (Pamyatniki Drevne Tyurkoskoy Pismennosti, Moskva' 1951) نى ئېلان قىلدى؛ ئۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدا تېپىلغان بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلارمۇ بار. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ل. يۇ. تۇگۇشېۋا قېدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلاردىن بىر نەچچە خىلنى (مەسىلەن، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمە ھالى» نىڭ ئۇنىنچى تومىنىڭ پارچىلىرى) ئېلان قىلدى.

قېدىمقى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە تىلشۇناسلىق جەھەتتىن تەتقىق قىلىش توغرىسىدا بۇ يەردە كۆپ توختىلىشقا مۇمكىنچىلىك يوق. چۈنكى، بۇ جەھەتتىكى ئەسەرلەر كۆپ ھەم تارقاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان قېدىمقى تۈركى ئورخۇنچە مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. تۆۋەندە پەقەتكىنە بىر قەدەر مۇھىم بولغان، ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى ئىككى ئەسەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەكچىمەن: بىرى، ئانىنمارى. ۋون. گاباشىنىڭ «قېدىمقى تۈركى تىل گراماتىكىسى» (Aetturkische Grammatik) (1941 - يىل بىرىنچى نەشرى، 1950 - يىل ئىككىنچى نەشرى، يېقىندا يەنە ئۈچىنچى نەشرى چىقتى)؛ يەنە بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئا. م شېرباكنىڭ «شىنجاڭنىڭ 11 — 13 - ئەسىرلەردىكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ گراماتىكىسى ھەققىدە ئوچېرك»

Grammatiqeskiy oqerk yazika Tyurkskih tekstov × — × ||| V V iz Vostoqnogo Turkesnaat. 1961

يوقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا، شىنجاڭدا تېپىلغان باشقا تىللارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بۇ يەردە تەپسىلى توختالمايمەن ئەمما تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، شىنجاڭدا ئاز مىقداردا موڭغۇلچە يازما يادىكارلىقلار ۋە سۈرىيىچە نېستورىيان دىنىغا ئائىت مەدھىيە شېئىرلىرى تېپىلغانىنىڭ سىرتىدا يەنە مىقدارى ئاز بولمىغان زاڭزۇچە ھۆججەتلەر ھەمدە مىقدارى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلار تېپىلدى. ۋاقىت جەھەتتە ئەڭ قېدىمقىسى تېرە ياكى تاختىغا يېزىلغان نەرسىلەر ئىكەن. قەغەزگە يېزىلغان نۇسخىسىنى مىلادى 2 - ئەسىرگە مۆلچەرلەشكە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىت ئېلىمىزدە ئوتكەن سەيلۇن قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى ياراتقاندىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. كۆپچىلىكى كېيىنرەك يېزىلغان يازما نۇسخىلار بولۇپ،

بىر قىسمى بۇددىزىم نوملىرى، يەنە بىر قىسمى ھەر خىل خەت - چەك، ئالاقىلار. يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللىنىڭ قىممەتلىكى ياكى تېپىش قىيىن بولغانلىقىدىن كىشىلەر باشقا بىرەر تىلدا (ئاساسەن، خەنزۇ تىلىدا) يېزىلغان تېخىمۇ قەدىمىرەك بولغان يازما نۇسخىلارغا يازاتتىكەن (ئاق ئورۇنلىرىغا ياكى قۇر ئارىلىرىغا يازاتتىكەن).

يۇقۇرىدا دېگەنلىرىمىز پەقەتكىنە يېقىنقى زاماندىن بۇيان شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلارنىڭ بىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى توغرىسىدىكى قىسقىچە مەلۇمات. كۆپچىلىكنىڭ مۇشۇ تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار ھەققىدە بىر ئومۇمىي تەسىرات ھاسىل قىلالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە تېپىلغان مۇشۇ يادىكارلىقلارنىڭ مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئىلاۋە: يازما يادىكارلىقلارنىڭ خەنزۇچە - لاتىنچە سېلىشتۇرمىسى (سوغدىچىسى):

1、维摩诗经
Vimalakirtinirdesa - sūtra
2、大般涅槃经
MahaPa rinirvana - sūtra
3、大悲经
Mahakarunapundarika - sūtra
4、禅经
Dhyan - sūtra
5、金光明经
Suvarna prabhasa
6、善恶因果经

ياخشىلىق، يامانلىق، سەۋەپ - نەتىجە نومى
لاتىنچىسى بېرىلمىگەن، ئۇيغۇرچە مەنىسى:

7、金刚般若经
Vajracchedika - sūtra
8、长爪梵志所问经
Dirghanckha - sūtra
6、青颂陀罗尼
Nilakanthadharani

(قەدىمقى خوتەن - ساك تىلىدىكى تۇۋەندىكىچە:)

10、金光明经
SuvarnaPra - Thasa - Autva
11、僧伽咤经
Samgkata - sūtra
12、佛本生赞
Jataka - stava
13、金刚经
Vajnacchedika - vutna
14、无量寿经
AParimitayus - sūtra
15、般若经

PrajnaParamika - sütra
16、妙门经
Sumuka - sütra
17、观目""菩萨赞
Avalokitesvara - stotra
18、法华经
Saddharma - Pundanika - vutva
قېدىمقى كۇسەن ـ قارا شەھەر تىلىدا يېزىلغان بۇددىزىم يادىكارلىقلىرى:
19、法句经
Udanararga
Udanalamkara ۋە ئۇ ھەققىدىكى ئىزاھ
20、一百五十赞颂
SatPancasatika - stotra
21、波逸提法
Prayascittika
22、十诵律比丘戒本
Pratimoksa
23、波罗提提会泥法
Pratidesanisa
24 ,(辩业经? )
karmavibhanga

(«شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى»، خەنزۇچە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1979 · يىل 3 · سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنسەردىن مۇسا

× × ×

«ئوغلان ئىشى ئىش بولماس ئوغلاق مۈڭگۈزى ساپ بولماس»
(كىچىك بالىنىڭ ئىشى بولماس، ئوغلاقنىڭ مۈڭگۈزى بىرنەرسىگە ساپ بولمايدۇ) .
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 - تومدىن.
«ئوتلۇق يىنجۇ يىردا قالماس»
(تۇشۇك مەرۋايىت يەردە قالماس)
بۇ تەمسىلنى خوتۇن كىشى ئەرسىز قالمايدۇ. دىگەنگە ئىشلىتىدۇ.
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن.

× × ×

«كوردەن يەراسا كوڭۈلدەن يەمەيەرار »
(كوزدىن يىراقلاشسا كوڭۈلدىنمۇ يىراقلىشىدۇ)
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 - تومدىن.

# ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى زاماندىكى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى — چۈي يۈەن

ئابلەھەت ئۆمەر

ئېلىمىزدىكى خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى قەدىمقى زاماندىكى بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ نامى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ زات ئېلىمىزنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر ئەربابى، تۇنجى ئۇلۇغ شائىرى، قەدىمقى خەنزۇ شېئىرىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسچىسى چۈي يۈەندۇر.

چۈي يۈەننىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق روھى بىلەن سۇغۇ- رۇلغان نادىر ئەسەرلىرى خۇددى دۇنيادىكى بۈيۈك شائىرلارنىڭ نامى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىگە ئوخشاش قەدىر-قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۆز زامانىدىكى جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ھەم ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى مۇپەسسەل ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۆز خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگۈچى مەشھۇر سۆز سەنئەتكارىنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، قەدىمقى گرېك شائى- رى ھومېرنىڭ قىسسىلىرى، ئېسخىل ۋە سوفوكىللارنىڭ تىراگېدىيىلىرى، دانتېنىڭ ئىلاھى- يەت سىمفونىيىسى، بايرون، گېيوتې، شېكسپىر، پۇشكىن، لى بەي، دۇفۇ، بەي جۈيى، ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

چۈي يۈەن خەنزۇ ئەدەبىياتى تارىخىدا، بولۇپمۇ خەنزۇ شېئىرىيىتى تارىخىدا يېڭى ۋە پارلاق سەھىپە ئېچىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باسقۇچىدىن شەخسى ئاپتورغا ئىگە بولغان يېزىقچە ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل شېئىرىي ئۇسلۇبىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەزمۇ- نىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلىقى، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى ۋە گۈزەللىكى، پىكىرلىرىنىڭ دەللىكى ۋە ئۆتكۈرلىكى بىلەن كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان كەڭ كىتابخانلارغا زوۋق ۋە ئىلھام بېرىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۆز خەلقىنىڭ ھاياتىغا بولغان مۇھەببىتىنى قىزغىن كۈيلىدى، ھەر قانداق جاپا - مۇشەق

قەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىداملىقلىقىنى ۋە يېڭىلمەس كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قارىمۇ - قارشىلىقلىرىنى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ تۈپ يۈنىلىشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكلىكى، ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە غەيرەت شىجائىتىنى ھەمدە جەڭگىۋار روھىنى ئىپادىلەپ، ئۆز دەۋرىنىڭ دەۋر روھىنى ھەقىقى سەنئەتكارغا خاس ئىستېدات بىلەن ئەكس ئەتتۈردى.

گومورو ئۆزىنىڭ «سەنئەت ۋە چۈي يۈەننىڭ ئىدىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى گىگانت رولىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «چۈي يۈەننىڭ تۆھپىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ ھەممىدىن ئاۋال شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ يېزىق ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنقىلاپ قىلدى. ئۇ شېئىر ۋە ناخشا ئىجادىيىتى خەزىنىسىگە غايەت زور يېڭىلىق كىرگۈزۈپ، شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئىنقىلابچى بولدى. ئۇ خەلق ئىجادىيىتىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى ھاياتقا ئۇيغۇنلاشتۇرغان يېڭى ئەدەبىياتقا ئايلاندۇردى ۋە جانسىز تىل بىلەن يېزىلغان ئاقسۆڭەكلەر ئەدەبىياتىنى جانلىق، شېئىرىي ئەدەبىيات بىلەن ئالماشتۇردى». چۈي يۈەننىڭ ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە تارىخىدىكى خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلەر مۇپەسسەل ۋە تەپسىلى ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، خەلقنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە مىللىي خۇسۇسىيىتى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت بىلەن بىر قەدەر تولۇق ئىپادىلەنگەن. بۇ شائىر شۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ قەلبىدە ئۇزاقتىن بۇيان ياشاپ كەلدىكى ۋە ئۇلارنىڭ يۈكسەك ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدىكى، پەقەت ئۇنىڭ ئەسەرلىرىلا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقچىللىق، ئادالەتپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ شانلىق ھاياتى، جەڭگىۋار كۈرىشى ۋە ئالىجاناب غايىسىمۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، چوڭقۇر تەربىيە ۋە كۈچلۈك ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك دەۋردە ياشاۋاتقانلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىلغار پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆپرەك چۈشەنسە، ئۇلار بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى بەخت - سائادەتنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ ئوبدان يېتىپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى غەيرەت- شىجائىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ تۇنجى ئۇلۇغ شائىرى چۈي يۈەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 340- يىلى ۋۇشيا بوغىزى يېنىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك زىگۈي ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئەسلىدە چۇ خاندانلىقىدىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئاقسۆڭەكلەر مەدەنىيىتىدىن تەربىيە ئالدى. ياشلىق دەۋرىدىلا چۇ خاندانلىقىنىڭ خانى شۇڭ خۇەيۋاڭنىڭ مائاۋىن باش ۋەزىر دەرىجىلىك مىرزىلىق مەنسىۋىگە ئېرىشىپ، ئوردىنىڭ سىياسەت، ئەمىر- پەرمانلىرىنى تۈزۈش، دۇھىم ھوججەتلەرنى تەييارلاش، ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن دىپلوماتىيە ئىشلىرى بويىچە سۆھبەتلىشىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، خۇەيۋاڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى.

بۇ، جۇڭگو تارىخىدا كەسكىن ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان، ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە چوڭ - چوڭ ۋەقەلەر مەيدانغا كېلىۋاتقان، ھەرقايسى خاندانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن جىددىي جەڭلەر بولۇۋاتقان جەنگو (ئۇرۇشقاق خانلىقلار) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى يەتتە خانلىق ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك بولغان چىن خانلىقى ھەدەپ زوراۋانلىق قىلىپ، چەترەك جايلارغا، ئورۇنلاشقان، يەر - زېمىنى كىچىكرەك بولغان ئاجىزراق خانلىقلارغا تەھدىت سالاتتى ۋە ئۇلارنى يۇتۇۋېلىش مەقسىتىدە ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قوزغايتتى. چىن خانلىقىنىڭ مۇنداق ئوكتەملىكى ۋە تاجاۋۇزچىلىقى چۇ خانلىقىدىكى ئىلغار كىشىلەر ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك قەھرى غەزىپىنى قوزغىغان ئىدى. چۈي يۈەن ئەنە شۇنداق رېئال ئەھۋال ئاستىدا، ئىچكى جەھەتتە مەملىكەتنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىلغار ئادەملەرنى خىزمەتكە قويۇپ، تەرەققىپەرۋەر سىياسەت قوللىنىشنى، تاشقى جەھەتتە چى خاندانلىقى بىلەن بىرلىشىپ چىن خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ۋاھالەنكى، چۇ خاندانلىقىنىڭ خانى خۇەيۋاڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولغان بۇ تەكلىپنى رەت قىلىدۇ. ئۇ شەخسىي راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ھەمدە ئوردىدىكى چىن خاندانلىقى تەرەپدارلىرىدىن بولغان تۆرە - ئەمەلدار جىن شاڭ بىلەن جەنۇبىي ئوردا خانىشى جېڭ شيۇ قاتارلىقلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغانلىقتىن، چىن خاندانلىقىنىڭ ئەلچىسى جاڭ يىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، چۈي يۈەننىڭ ئاقىلانە تەكلىپىگە پىسەنت قىلمايدۇ. چىن خانلىقى تەرەپدارلىرى چۈي يۈەنگە بەدنام چاپلاپ، ئۇنى خۇەيۋاڭغا چاقىدۇ. خۇەيۋاڭ بۇ قارا نىيەت سۇيىقەستچىلەرنىڭ تۆھمەتلىرىگە ئىشىنىپ، چۈي يۈەننىڭ ئوردىدىكى بارلىق مەنسەپلىرىنى ئېلىپ تاشلىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنى يەنە خەن دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە سۈرگۈن قىلىدۇ. كېيىن ئۆزىمۇ چىن خانلىقىغا ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. چۇ خۇەيۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى چىڭ شياڭۋاڭ خان بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئۇنتۇپ، چىن خانلىقىغا كۆيۈغۇل بولۇۋالىدۇ - دە، دادىسىنىڭ جەندىنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ بىگۇناھ چۈي يۈەننى يەنە بىر قېتىم جاڭنەنگە پالىۋېتىدۇ.

خۇەيۋاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى چىڭ شياڭۋاڭنىڭ ھەر ئىككىلىسى ناقابىل، سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشكەن، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلاردا چارە - تەدبىرسىز كىشىلەردىن بولغاچقا، چۇ خاندانلىقى چىن خاندانلىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر نەچچە قېتىملىق جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىدۇ. چۈي يۈەن سۈرگۈن داۋامىدا ئەل-يۇرتنىڭ زەئىپلىشىۋاتقانلىقىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاپ چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە سادىق بولۇپ، ئەل - يۇرتنى قۇدرەتلىك ۋە بەخت - سائادەتلىك قىلىش غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن قاتتىق ئازاپلىنىدۇ ۋە ئاھ ئۇرىدۇ. يۈرەك - قەلبىدىكى چوڭقۇرلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىدىكى كۆپلىگەن شېئىر - نەزمىلەرنى يازىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 278 - يىلى، چىن خاندانلىقىنىڭ قوماندانى بەيچى چۇ-

خاندانلىقىنىڭ پايتەختى يىڭدۇغا ھۇجۇم قىلىپ، بىردىنلا ئىشغال قىلىۋالىدۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان چۈي يۈەننىڭ قەھرى-غەزىۋى ئاخىرقى چېكىگە يېتىدۇ-دە، شۇ يىلى كونا يىل ھېساۋى بويىچە 5-ئاينىڭ 5-كۈنى مىلوجىياڭ دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئېلىمىزدىكى خەنزۇ خەلقى ئارىسىدا ھەر يىلى 5-ئاينىڭ 5-كۈنى تاڭزۇڭزا ياساپ، ئەجدىھا سۈرىتى بىلەن زىننەتلەنگەن قېيىق مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ چۈي يۈەننى خاتىرىلەش ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كىشىلەر دەريادىكى بېلىقلار شائىرنىڭ جەسىدىنى يېمىسۇن دەپ تاڭزۇڭزىنى دەرياغا تاشلايدىكەن، قېيىق مۇسابىقىسى بولسا، شائىرنى دەريادىن سۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بۇ تەنتەنىلىك خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىمىزدىكى خەنزۇ خەلقى ئارىسىدا ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ھەتتا ياپونىيە، چاۋشيەن، ۋېيتنام، مالايا قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ تارالغان.

ئەينى ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرى قوللاشقا ئېرىشەلمىگەن مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار ۋە ھەرخىل زىيالىيلار باشقا خاندانلىقلارغا بېرىپ، ئۇلارغا چارە-تەدبىر، ئەقىل-پاراسەت كۆرسىتىپ، ئۆزىگە مۇناسىپ بىرەر مەرتىۋىگە ئىگە بولالايتتى. ھېچ بولمىغاندىمۇ بىر نەچچە ۋاقىت پانالىق تاپالايتتى. چۈي يۈەندەك تالانتلىق ۋە بىلىملىك بىر زات، ئەگەر چۇ خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ، باشقا بىر جايغا بارسىمۇ ئالاھىدە ئېتىۋارغا مۇيەسسەر بولۇشى تەبىئىي ئىدى. بولۇپمۇ ئىلگىرى ئۆزى ئەلچى بولۇپ بارغان ۋە ئىلىم مەرىپەت گۈللەنگەن چى خاندانلىقىغا بارسىمۇ قارشى ئېلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆز دىيارىدىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمىدى! گەرچە، ئوردا ھۆكۈمدارلىرى ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان، چەتكە قاققان ۋە زەربە بەرگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۇ يەنىلا قىلچە ئىككىلەنمىدى. ھەمدە خەلقىم ئۈچۈن، ۋەتىنىم ئۈچۈن قانچە قېتىم ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ھېچيەرگە بارمايمەن، دەپ تەنتەنىلىك جاكالىدى.

ۋ.ئى.لېنىن: «ۋەتەنپەرۋەرلىك — ھەر بىر ئايرىم ۋەتەنلەرنىڭ ئەسىرلەر ۋە مىڭ يىللار داۋامىدا مۇستەھكەملەنگەن ناھايىتى چوڭقۇر تۇيغۇلىرىدىن بىرىدۇر» ① — دېگەن ئىدى. چۈي يۈەننىڭ قەلبى ئۆز ۋەتىنىگە، ئۆز خەلقىگە بولغان پاك ۋە سادىق مۇھەببەت بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلۇغۋار ئەخلاقىي پەزىلەتلىك ھەققىي ۋىجدان ئىگىسى، ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتى ھەم بەخت-سائادىتىنىڭ چىن قوغدىغۇچىسى، زور ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چۈنچيۇ-جەنگو دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق رېئالىست شائىرى بولۇپ قالدى.

چۈي يۈەننىڭ ۋاپاتىدىن يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ياشىغان مەشھۇر تارىخچى ۋە ئەدىب سىماچيەن: «ئۇنىڭ غايىسى ئىنتايىن ساپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزلىگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن گۈزەللىك چىقىپ تۇرىدۇ.

① ۋ.ئى. لېنىن تاللانما ئەسەرلەر 28-توم 167-بەت.

ئۇنىڭ غايىسى شەخسى غەرەزسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، ئۆلۈمنى سۈرگۈندىن ئەۋزەل كۆردى. ئۇنى پاسكىنىلاشتۇرماقچى بولۇشتى، لېكىن ئۇ سىلكىنىپ قويتى- دە، كېپىنەكتەك قانات قېقىپ، جەسەت ئۈستىدىن ئۇچۇپ كەتتى. ھېچقانداق پاسكىنىلىق ئۇنىڭغا يېپىشالمىدى، ... ئۇنىڭ ئىنتىلىشى ئۆزىنىڭ پارلاقلىقى بىلەن كۈن ۋە ئاينىڭ يورۇق- لۇغىغا تەڭ كېلەلەيدۇ“ ① — دەپ يازدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ شائىر لى بەيمۇ ئۇنىڭ شەنىگە ئاتاپ:

خارابىغا ئايلاندى چۇ خانلىقىنىڭ ئوردىلىرى.
ئاي ۋە كۈندەك نۇر چاچار چۈي يۈەننىڭ شېئىرلىرى.

دەپ شېئىر يازدى.

چۈي يۈەننىڭ ئەسەرلىرى ئەل- يۇرتىغا، خەلقىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى- نىڭ، چۇ خاندانلىقى ھوكۇمدارلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇرەسسەسىز كۈرەشنىڭ مەھسۇلى. بۇ ھوكۇمدارلار چۈي يۈەننى پاجىئەلىك ئۆلۈمگە مەجبۇر قىلدى. ۋاھالەنكى، تالانتلىق دۆلەت ئەربابى، گېنىرال شائىرنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ ھوكۇمران گۇرۇھتا چوڭ ئورۇنغا مۇيەسسەر بولالمىغانلىقىدىن ياكى تەركى دۇنياچىلىق نۇقتىئىنەزىرى رول ئوينىغان- لىقىدىن ئەمەس، بەلكى جىدەل -ماجىرالار، سوقۇش نىزالار بىلەن تولۇپ - تاشقان پەۋ- قۇلئاددە ئىجتىمائىي شارائىتتىكى مۇرەككەپ كۈرەش قايىنىمىدا رەزىللىك، پەسكەش- لىك، چىرىكلىك بىلەن تولغان ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن نىقاپلانغان ساختىلىقلارنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى پاش قىلغانلىقى ۋە قامچىلىغانلىقى، مەۋجۇت تۈزۈمنىڭ ئادالەتسىز- لىكىگە قارشى جان تىكىپ ئېلىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

گەرچە شائىر ئۆزى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ يۇقۇرى ھوكۇمران دائىرىسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ھاياتقا ئەزگۈچى ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ تۈپ مەن- پەئەتىنى جېنىدىن ئېزىز كۆرىدىغان ئالىجاناپ كىشىنىڭ كۆزى بىلەن قارىدى. شائىر چۈي يۈەن ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئەشۇ سىنىپنىڭ چەك -چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ، ئەينى زاماندىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسى ۋە كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنياغا، جەمئىيەتكە، ھەتتا كەلگۈسىگىمۇ تەپەككۇر كۆزى بىلەن نەزەر سېلىپ، جەمئىيەت- نىڭ تۈپ يۆنىلىشى بولغان تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ۋە بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى، گۈزەل ئەخ- لاقىي پەزىلەتنى مەدھىيىلىدى. چۈي يۈەننىڭ دانىشمەنلىكىنىڭ ۋە جاھان ئەدەبىياتىدا شان- شەرەپكە سازاۋەر بولغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەپلىرىدىن بىرى دەل شۇ يەردە.

شائىر چۈي يۈەن ھاياتىنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ئېغىر ئازاپ- ئوقۇبەت ۋە قايغۇ-

① سىماچيەن: «چۈي يۈەن تەزكىرىسى».

ئەلەملەر بىلەن ئۆتتى. لېكىن، ئۇ ئۆز ئېتىقادىنى، كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇسى تېخىمۇ دولقۇنلاپ، جاراڭلىق ناخشا ساداسى يەنىمۇ كۈچلۈك ياڭراشقا باشلىدى.

«خەن تارىخى» دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، چۈي يۈەن بىزگە مول ۋە قىممەت باھالىق ئەدەبىي مىراس قالدۇردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىرى: «توققۇز نەزىم»، «توققۇز قەسىدە»، «پەلەككە سوئال»، «جۇدالىق زارى» قاتارلىق 25 پارچە ئەسەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە «جۇدالىق زارى» دىگەن لىرىك داستان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەڭ مۇھىم ئەسەر. بۇنادىر ئەسەر مەيلى ئىدىيىسۋىلىك، مەيلى بەدىئىلىك جەھەتتە بولسۇن، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۆلمەس داستاندۇر. بۇ داستاننى ئىجادىي پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇغى، شائىرانە جاسارەتنىڭ كۈچلۈكلۈگى، شېرىي ئۇسلۇبىنىڭ يېڭىلىغى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ چۇشقۇنلۇقلۇغى جەھەتلىرىدىن قېدىمقى زاماندىكى ئىجادىي رومانتىكىنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

چۈي يۈەن «جۇدالىق زارى» دا ئۆزىنىڭ تەرەققىپەرۋەر سىياسىي غايىسى بىلەن ئۇلۇغوار ئۈمىت-ئارزۇسىنى يارقىن بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەپ، قېدىمقى زاماندىكى خەلققە پايدىلىق ئادىل سىياسەت يۈرگۈزگەن ئەرباپلارنى مەدھىيىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز ۋەتىنىنى باي-كۈچلۈك ھەم بەخت-سائادەتلىك قىلىش ئارزۇسىنى بايان قىلىدۇ:

تاڭ بېگىم، شىيايۇي بېگىملەر سەگەك، ئىززەتلىك ئىدى،
ماڭدى تۈز ئىلگىرىكى جۇخان-بەگلىرى ھېچ مۇدرىمەي.
بەردى پازىللارغا خىزمەت، پەمى بارلارغا ھوقۇق،
خانلىغى رەسمىي يۇسۇندا ماڭدى ھەرگىز چەتنىمەي.

تەگرى قادىر ھەممىگە، ئادىل ۋە خالىس ھەممىدىن،
يار-يۆلەك ئەخلاق-پەزىلەتلىك جىمى ئادەمگە ئۇ.
بولسا كىم ئەخلاق-پەزىلەت ئەھلى، دانىشمەن ئەگەر،
يۇرت سورالايدۇ چوقۇم ھاكىم بولۇپ، ئالەمگە ئۇ.

مەن بۇرۇنقى-سوڭقى خانلارنى كۆزەتتىم-بايقىدىم،
تاپتىم ئىنسان ئۆمرىنىڭ روشەن ئېنىق دەستۇرىنى.
كىم ۋاپاسىز بولسا، ئەل ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ ئاڭا،
كىم يامانلىق قىلسا، بىزار ئەيلەر ئەلنىڭ بەرىنى.

شائىرنىڭ ھەققانىي تەشەببۇسى ۋە تەگداشسىز تالانتى ئۇردا ئىچىدىكى چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەسەتخورلۇغىنى قوزغايدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا سەۋەپچى

بولىدۇ. ئۇ مەزكۇر داستانىدا خوتەيۋاگنىڭ ئەقىلسىزلىكى، ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ رەزىللىكى ۋە شەرمەندىلىكىنى پاش قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئىلگىرى سەن ماڭا شۇنچە ۋەدىلەر بەرگەن ئىدىڭ،
ئەجىبا، ئاخىر كېلىپ يۈز ئورۇدۇڭ، لەۋزىڭ قېنى؟
مەن بۈگۈن سەندىن جۇدا بولغانغا چەكمەيمەن ئازاپ،
پەلكى تۇترۇقسىزلىقىڭ بەكمۇ ئۆپچىندۇردى مېنى.

.................................................

ئۇجاناپلار ئەيش - ئىشرەت قوغلىشار بەس - بەس بىلەن،
مەنپەئەت ئالدىدا ئاچكۆز، نەپسى تويمايدۇ پەقەت.
ئۆزىگە ياخشى ئۆزى، لېكىن گۇمانخور ئۆزگىدىن،
شۇم غەرەز باركۆڭلىدە، قىلماي تۇرالمايدۇ ھەسەت.

«جۇدالىق زارى» بارلىق چىركىنلىك ئادالەتسىزلىك ۋە پەسكەشلىكلەرگە قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرىدىغان، فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھلارغا كۈچلۈك نەپرەت بىلدۈرىدىغان جەڭگىۋار روھ بىلەن تولغان بولۇپ، پۈتۈن ئەسەرگە شائىرنىڭ قەبىھ ساراي غالچىلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە مەنسىتمەسلىكى سىڭدۈرۈلگەنلىكتىن، شائىرنىڭ ئوبرازى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا چەكسىز ئۇلۇق بولۇپ كۆرۈنىدۇ:

پەس - پۈچەكلەر ئىقتىدارى ساقتىپەزلىكتۇر ھامان،
ئىش بۇزۇشتۇر بىلگىنى، يۇقتۇر نىزامنىڭ ھاجىتى.
قىلغىنى ئىشقا شۇنچە خۇشتار، كارى يوق مىزان بىلەن،
ياخشىچاق بولماق ئۇلارنىڭ تاللىۋالغان ئادىتى.

قايغۇلۇقمەن، كۆڭلى بىئارام غېرىپ - بىچارىمەن،
تارتىمەن يەككە - يىگانە بۇ زاماننىڭ جەۋرىنى.
رازىمەن ئۆلسەممۇ، سەرسان بولسىمۇ روھىم مېنىڭ،
دورىمايمەن پەس - پۈچەكلەرنىڭ شۇ ئىتتەك ئۆمرىنى.

نەدە شۇڭقار بىر بولۇپ ئۇچقان ئىدى قۇزغۇن بىلەن،
تا ئەزەلدىن نەدە مۇنداق نامۇۋاپىق پەردە بار؟
نەدە دۈگلەك بىرلە چاسا ئوخشىسۇن بىر - بىرسىگە،
تۈز بىلەن قىڭغىر چىقىشقان نەدە بولغان، نەدە بار؟

ئۆتىمەن دەرتىنى يۇتۇپ، ھەردەم ئۆزەمگە ھاي بېرىپ،
نومۇسۇم غالىپ، ئاھانەتلەر يېتەلمەيدۇ بۈنى،

پاك نیيه تته توغرا دەسسەپ ئۆتسە ئادەم، نىمە غەم؛
بىلدى ئەۋزەل بالدۇر ئۆتكەن بارچە دانالار بۇنى.

شائىر ئۆزىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە خۇشتار ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا گۈزەل ئەخ-
لاق - پەزىلەتنى سۆيىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن داستانىدا ئۆزىنىڭ خۇش-
پۇراق گۈللەرنى ئۆزىدىغانلىقى ۋە خۇشپۇراق گۈللەر بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقىنى
تەسۋىرلەيدۇ:

گەرچە تولغان بولسىمۇ كوركەم پەزىلەتكە ئىچىم،
بېزىدىم سىرتىمنىمۇ ھەرخىل گۈزەل زىننەت بېرىپ.
تاللاپ ئۈزدۈم لەيلىنى، چۇغلۇقنىمۇ، رەيھاننىمۇ،
ھەممىنى يىپقا تىزىپ ئاستىم گويا زۇننار قىلىپ.

چۈي يۈەن كىلاسسىك شائىرلار ئىچىدە تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي شائىر بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن رېيال سەرگۈزەشتىلەرنى، ھەتتا، ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىش كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلىسە يەنە بىر تەرەپتىن ئاجايىپ خىيالىي فانتازىيىلەرنى يازىدۇ: ئۇ گاھ ئاسمانغا ساياھەت قىلىدۇ، گاھ جەننەتكە كىرىپ «گۈزەل پەرى» نى ئىزلەيدۇ، گاھ مۆئەككەل پالچى بىلەن سوھبەتلىشىدۇ، گاھ ئەجدىھارغا ياكى دۇلدۇلغا مىنىپ يىراق جايلارغا سەپەر قىلىدۇ. ئەمما، شائىرنىڭ باي تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە خىيالىي فانتازىيىسى رېيال ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىنى ئوبرازلىق بايان قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ۋە تىراگېدىيىلىك كەيپىياتىنى كۈچەيتىپ، كىتابخانلارنى كۈچلۈك ھاياجانلاندۇرىدۇ.

چۈي يۈەننىڭ «جۇدالىق زارى» ناملىق داستانى ۋە باشقا شېئىرىي ئەسەرلىرى ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىقى ۋە كەڭلىكى جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، شائىرنىڭ قايناق ھىس - تۇيغۇسىنى ۋە يارقىن، پاراسەتلىك خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل غايە ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانماسلىقى، پرىنسىپاللىقى ئىنتايىن قىممەتلىك روھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى جەھەتتىن رېياللىستىك بولغان بەدىئى ئىجادىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. خۇددى ئاتاقلىق ئەدەبىياتشۇناس فېڭ شۆيپىڭ 1953 - يىلى چۈي يۈەن ۋاپاتىنىڭ 2230 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سوزلىگەن سوزىدە كورسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «چۈي-يۈەن خەلقنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى، خەلقنىڭ ئەينى زاماندىكى ھوكۇمران دائىرىلەر بىلەن بولغان قارىمۇ - قارشىلىقلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۇردى. بۇ ھال چۈي يۈەننى ئۇلۇق خەلق شائىرى دەرىجىسىگە كوتەردى» ، ① دەپ توغرا باھالىغىنىغا ئوخشاش، ئۇ

① فېڭ شۆيپىڭ: «چۈي يۈەن ۋە ئۇنىڭ ئىجادى».

ئۇتمۇش جەمىيەتنىڭ، بولۇپمۇ كۇڭزىنىڭ سىياسىي، پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ ئىسيانكار سەنئەتكارى سۈپىتىدە، خەلقنىڭ ئوي - پىكىرلىرى ۋە ئارزۇ - ئۈمىتلىرىنى، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن خەلققە يېقىن ۋە چۈشىنەرلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، كېيىنكىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھۆرمەتلىشىگە ئىگە بولدى.

ئەمما، ئۇ فېئودالىزم دەۋرىدە ياشىغانلىقى، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ۋە كىچىك چېغىدىلا فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەربىيىسىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ كۆپىنچە مەزمۇنلىرىدا خانغا سادىق بولۇش، خوجايىنغا خام خىيالدا بولۇش، ئۈمىتىنى ئالىي ھۆكۈمرانلارنىڭ نىيىتىگە باغلاپ قويۇش، كۆرەشنى يەككە - يېگانە ھالدا ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىدىيىلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، «خەلقنى قاتمۇ - قات بالايى - ئاپەتلەر ئىچىدە كۆرۈپ»، «ئۆزىنىڭ ياخشى پەيتتە تۇغۇلمىغانلىقىدىن» ئازابلىنىدۇ ۋە كۈچلۈك جاھالەت كۈچلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھامان يالغۇز، ئۈمىتسىز ھېس قىلىپ، چىرىك ۋە جاھىل ھۆكۈمرانلارغا بولغان قارشىلىقىنى شېئىر بىلەن ئىزھار قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ھالاك قىلىش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەيدۇ.

چۈي يۈەننىڭ ئالىجاناپ پائالىيىتى ۋە يۈكسەك بەدىئىي ئەسەرلىرى ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئەدەبىيات تارىخىمىزدا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدا چۈي يۈەننىڭ تەسىرىگە يولۇقمىغان بىرەرمۇ مەشھۇر يازغۇچى ياكى شائىر بولمىسا كېرەك.

شائىرنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ۋە گۈزەل غايە ئۈچۈن قارا جاھالەت كۈچلىرىگە قارشى ئىگىلمەي - سۇنماي كۆرەش قىلىش روھى كېيىنكى دەۋرلەردىكى نۇرغۇن ئەدىبلەرگە مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. مەشھۇر تارىخچى ۋە ئەدىب سىماچيەن ھۆكۈمرانلارنىڭ رەھىمسىز جازاسىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن چۈي يۈەننىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ روھىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ گېنىيال تارىخىي تەزكىرىلەر توپلىمى «تارىخىي خاتىرىلەر»نى يېزىپ تاماملىدى. تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى «شېئىر ئەۋلىياسى» دەپ ئاتالغان لى بەي ئۇنىڭ رومانتىزىملىق ئۇسلۇبىغا، «شېئىرىيەتنىڭ پىرى» دەپ نام ئالغان دۇفۇ ئۇنىڭ رېئالىستىك ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلدى. چۈي يۈەننىڭ ئىش - پائالىيىتى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇپ قالدى. چۈي يۈەن توغرىسىدا گوپلىگەن دىراما، تەزكىرە، ھېكايە ۋە شېئىرىي ئەسەرلەر يېزىلدى.

× × ×

«چۈي يۈەننىڭ دەۋرى، - دەپ يازىدۇ گومورو، - خەنزۇ مەدەنىيىتىدىكى ئالتۇن ئەسىردۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغ تالانتى ۋە شۆھرىتى شۇ زامانىنىڭ دانىشمەنلىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئىلىم - پەننىڭ ھەرتەرەپلىمە راۋاجلىنىشىغا زور ياردەم بەردى. ۋاھالەنكى ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئۇلۇغ تالانتى ئۇنىڭ بارلىق تۆھپىلىرىدىن شەك - شۈبھىسىز ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھىسسىياتىنىڭ چىنلىقى، ئوبرازنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئۇس-

لۇپىنىڭ يېگىلىغى، شەكلىنىڭ ئاممىباپلىغى ۋە راۋانلىغى جەھەتتە چۈيۈەن خەنزۇ شېئىرىيىتى تارىخىدا، شۇنداقلا جاھان شېئىرىيىتىدە ھەممىشە نۇر چېچىپ تۇرىدۇ».①

ئازاتلىقتىن كېيىن، بۇ مەشھۇر شائىر خۇددى يېڭىۋاشتىن تىرىلگەندەك بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەت - ئىززىتىگە ئېرىشتى. مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1951 - يىلى قارار ماقۇللاپ، شائىر پاجىەلىك ھالدا ۋاپات بولغان 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىنى چۈيۈەننى خاتىرىلەش كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇ كۈن ھەر يىلى خاتىرىلىنىدىغان ۋە شائىرنىڭ شەنىگە ئاتاپ دوكلات يىغىنلىرى، دېكلاماتسىيە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چۈيۈەن ئەسەرلىرىنى قەدىمى تىلدىن ھازىرقى تىلغا تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش ۋە تەپسىر قىلىش، ھەم بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق چۈيۈەننىڭ ئەدەبىي مىراسىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى بايلىغىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەنمەكتە.

چۈيۈەن پەقەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ شائىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭمۇ ئۇلۇغ شائىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جاھان ئەدەبىياتىنىڭ دۇردانىلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇشقا تامامەن ھەقلىق. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرگىمۇ تارقالغان بولۇپ، «جۇدالىق زارى» ناملىق ئەسىرى ئىنگلىز، رۇس، نېمىس، فرانسۇز، ياپون ۋە ئىتالىيان تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. چۈيۈەن 1953 - يىلى خەلقارادا خاتىرىلەنگەن 4 نەپەر ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەربابىنىڭ بىرى سۈپىتىدە دۇنيا جامائەتچىلىگى تەرىپىدىن قىزغىن خاتىرىلەندى.

ئۆز ۋەتىنى ھەم خەلقىنى سۆيگەن، ئەركىنلىك ۋە ئادالەتلىك ئۈچۈن كۈرەشكەن شائىرنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!

---

① گومورو: «ئۇلۇق خەنزۇ شائىرى»

---

× × ×

„يىپارلىغ كىرسۇر كودەن يىپاركەتسا، يىدى قالىر"

(ئىپار قاچىلىغان تۇلۇمدىن ئىپارنى ئېلىۋەتسىمۇ پۇرىقى قالىدۇ)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 - تومدىن.

× × ×

„تەۋى مۇنۇپ قوي ئارا يەنتماس"

(تۆگە مىنىپ قوي ئارىسىغا يوشۇرۇنغىلى بولماس)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 - توم.

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئابدۇكېرىم راخمان

شەرق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ كۆرۈنەرلىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختىن بېرى نۇرغۇنلىغان شانلىق مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىپ، ۋەتەن مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي ۋە رەڭمۇ - رەڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مىللىي مۇھىتىدا شەكىللەنگەن ئەنە شۇ پارلاق ئەدەبىيات مىراسلىرىنىڭ ئايرىلماس ئىككى قانىتىدۇر.

جۇڭگو ۋە چەتئەل تارىخچىلىرى ۋە ئارخېئولوگلىرىنىڭ «مەدەنىيەت يازتىشتا ئالاھىدە ئىنسانلار گۇرۇھى» دېگەن خالىسانە باھاسىغا ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى ئىقلىم شارائىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ساغلام ئۇسۇپ، ئۆزلىرى ياشىغان بۇ مۇقەددەس زېمىننى قېدىمقى گرېك مەدەنىيىتى ۋە ھىندى مەدەنىيىتىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ 3 - مەدەنىيەت ئوچىقىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. ئېلىمىز تارىخچىسى پروفېسسور فېڭ جياشىڭ: «شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئازسانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ تارىختا مەدەنىيەت رايونى بولۇپ كەلگەن.» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەندىمۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۇبېكتىپ ئەمەلىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ئىدى.

مەدەنىيەت تارىخى ئەلۋەتتە خەلقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى شۈبھىسىز. بىز پەقەت ئەنە شۇ كەڭ مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ بىر ئۈلۈشى ھېساپلانغان بەدىئىي ئەدەبىيات مىراسلىرىمىز ۋە ۋەسىقىلىرىمىزنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىجاتكارلىق روھىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمىز.

ھازىرغىچە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى ھېساپلىنىپ تونۇلغان يۇنانلىقلارنىڭ «ئىللىيادا» ۋە «ئودىسسىيا» سى، ھىندىلارنىڭ «ماخابخاراتا» ۋە «رامايانا» سى، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە» سى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان «ئوغۇز نامە» ئېپوپېيىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۇددىزىم مەدەنىيىتى دەۋرىدە ياراتقان «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئالتۇن يارۇق»، «مايىترىسىمىت» قاتارلىق تەرجىمە ئەدەبىياتىدىن تارتىپ، كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ يادنامىلىرى سۈپىتىدە ئورنىتىلغان ئورخۇن - يەنسەي «مەڭگۈ تاش» پۈتۈكلىرى، تارىخىي ئەھمىيىتى، ئىلمىي

ۋە بەدىئى قىممىتى جەھەتتىن دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا يۇقۇرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىككى شاھانە ئەسەر — «تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىگ» ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ داۋامى بولغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانى قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنى يادىكارلىقلار ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ تارىخىي ئاساسلىرىدىن ئىبارەت. شۇنداقلا ئۇزلۇكسىز تەرەققىيات نەتىجىسى بولغان خاقانىيە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ مۇناسىپ ۋارىسى ئۇيغۇر تىلىنى جەۋلانغا كەلتۈرۈشتە يەنە بىر ئاجايىپ سەلتەنەتلىك گۈزەل شېئرىيەت دۇنياسىنى ئاچقان ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى بولۇپمۇ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پىر - ئۇستازى سانالغان مەۋلانە ئەلشىرناۋايىنىڭ «يۈرەك تارلىرىدىن يىپ ئېشىپ» تىزغان نەزمە - داستانلىرى، پۈتۈنلىكىنىڭ ئۈزلۈمەس دولقۇنلۇق ئېقىنىنى ھاسىل قىلىپ 17 - ئەسىردىن تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۆتكەن خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتى، گۇمنام، قەلەندەر، سەبۇرى، نىزارى، غېرىبى، موللا بىلال، تەجەللى ... قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئرى دىۋانلىرى ھەقىقەتەن ئەجداتلىرىمىز مەدەنىيەت يارىتىشتا ئۆز زېمىنىغا چۈشكەن شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، توپلانغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسيا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئورتاق كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىز كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئۆچمەس سەھىپىلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن تەبىئى ۋە ئىجتىمائى ئاساس ئۈستىدە ئىختىيارسىز ھالدا مۇلاھىزە يۈرگۈزمەي تۇرالمايمىز.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مەلۇم ئىزچىللىق بولىدۇ. خۇددى بۈگۈنكى ئەدەبىيات ئۆتكەنكى ئەدەبىياتنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغىنىغا ئوخشاش، كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىمۇ ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائى مەنىۋى پائالىيىتىگە ماس ھالدا بارلىققا كەلگەن خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى.

بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە ئوخشاش، بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزمۇ بىر دەۋردە، بىر رايوندا، مەلۇم شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدا تاسادىپەن ئىجاد ئېتىلگەن سۈنئى شەجەرە بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر مابەينىدە كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ئانىنىڭ سۈتىدىن ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق ئوسۇپ زورايغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۈگەنگەندە ۋە تەكشۈرگەندە، مۇقەررەركى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تېمىدىن چەتنەپ ئۆتۈشى زادى مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەسىلىنى ئوبيېكتىپ ھالدا مۇلاھىزە قىلىش ئۈچۈن سۆزنى دۇنيانىڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ئەسلىيىتىدىن باشلىساق، ئارتۇقچە كەتمەس.

✠ ✠ ✠

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كىلاسسىك يازما ئەدەبىيات ھەم ئۆز ئارا پەرقلىنىق ھەم ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان دىيالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋەتتە ئىدى. بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ بەدىئى ئەدەبىياتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم نۇقتىدا، ئەدەبىيات تارىخىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش تارىخى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بولۇپمۇ، يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققى قىلىشىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ رولى ئىنتايىن كەڭ ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ بىر قاتار ئەمەلى ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى بۇ خىل ئىنتايىن زىچ ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش — ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە گۈللەندۈرۈشتە چوڭقۇر نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككى خىل ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن مۇنداق بىر ئاساسىي نەزەرىيىنى، يەنى خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى رولى مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. چۈنكى دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار بىلەن تارىخىي ئىدېيالىزمچىلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن پىرىنسىپاللىق ئىختىلاپ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا نەزەرىيىۋى كۈرەش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى.

تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار ئىزچىل ھالدا، خەلق—تارىخنى ياراتقۇچىلار، شۇنداقلا يەنە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ خوجايىنلىرى دەپ قارايدۇ. لېكىن تارىخىي ئىدېيالىزمچىلار خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى رولىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. ھەمدە خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىنى زادىلا ئەدەبىيات-سەنئەت دەپ ھېسابلىمايدۇ. ئۆتمۈشتىكى فېئودال ھۆكۈمرانلىرى بىلەن دىنىي مۇتەئەسسىپ ئىدېئولوگلارنىڭ، ئەنئەنىۋى قاراشلىرى ئەنە شۇنداق بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار ئىدارە قىلىنغۇچىلار، جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار ئىدارە قىلىنغۇچىلار» ① بولۇپ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ئازساندىكى يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرى ۋە «قابىلىيەتلىك» ئەدىبلەر شۇغۇللىنىدىغان نازاكەتلىك ئىشمىش؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەمگەكچى خەلق پەقەت ماددى ئىشلەپچىقىرىش بويۇملىرى بىلەن يۇقۇرى تەبىقىنى قامدايدىغان تەبىئى «قۇللار» بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارلىقىغا كىرىش ئىقتىدارى يوقمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار "خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، ئىلىم-مەرىپەتتىن چەتتە قالدۇرۇش" سىياسىتىنى بەلگىلەپ،

خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كوللېكتىپ سەنئەت ئىقتىدارىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پۈتۈنلەي چەك قويىدۇ. بۇرژۇئا جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە تارىخشۇناسلىقىدا بولسا، فېئودالىزم تېئولوگلىرى تەرىپىدىن بازارغا سېلىنغان يوقۇرقىدەك غەلىتە سەپسەتىگە ئاز - تولا رەڭ بېرىلىپ، قانداقتۇ «تارىخنى قەھرىمانلار ياراتقان» دىگەن ئىدىيالىستىك پىكىر ئېقىمى تېخىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلار دۇنيا تارىخىنى پەقەتلا ئايرىم ساندىكى نۇقۇل ئەرباپلارغا، شەخسى قەھرىمانلارغا، يولباشچىلارغا باغلاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى پاسسىپ كۈچ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەمىلىيەت جەھەتتە شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى، خەلقنىڭ سەنئەتى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ يازما ئىجادىيىتىنى قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويىدۇ. بۇرژۇئا پەيلوسوپى نىسەيگىڭ قىپ يالىڭاچ هالدا: «بۇگۈنكى كۈندە كىشىلەر تالانت گۈلتاجىسىنى ئاممىنىڭ تاقىر بېشىغا قوندۇرۇپ قويغانلىقى پەلسەپىدىن خەۋىرى بولمىغان كورۇمسىز ئاممىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان غەلىتە ئامەتتۇر» ② - دەپ بىلجىرلايدۇ.

بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇشۇنداق غەلىتە بىلجىرلاشلىرىغا قارىمۇ - قارشى هالدا ئەينى ۋاقىتتا ماكسىم گوركى مۇنداق دىگەن ئىدى: «ئەمگەكچى خەلق تارىخنى ياراتتى، لېكىن ئۇلار تارىخنى يېزىپ قالدۇرۇشنى بىلمەي، تارىخنى يازىدىغانلار باشقا بىر سىنىپنىڭ ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلىدىغان ئادەملىرى بولدى. بۇ ئىنتايىن ئاددى سەۋەپتىن تارىخنى ياراتقان، قارا ئىش قىلىدىغان ئىشچىلار تارىخى كىتاپلاردا بەزى ۋاقىتلاردا ئېغىزغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما يالغۇزلا «ئىسيانچى»، «ياخشىسى» ئادەملەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچى بۇزغۇنچى دەپ قارالدى. ماددى مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى دىخانلار بىلەن ئىشچىلار تارىخ سەھىپىسىدە مەۋجۇت بولالامىدى.» ③

تارىخىي ماتېرىيالىزم: خەلق، پەقەت خەلقلا دۇنيا تارىخىنى ياراتقۇچى هەركەتلەندۇرگۈچ كۈچ، - دەپ قارايدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزىنىڭ گېنىيال ئەسىرى «كاپىتال» دا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ هالقىسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى هەقىقى ئىگەللىگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ بىزگە خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىزنىڭ ئاساسى. هەقىقەتەن، ماكسىم گوركىي ئېيتقاندەك: «خەلق پەقەت بارلىق ماددى بايلىقلارنى ياراتقۇچى كۈچلا ئەمەس، بەلكى ئۇ بىردىن - بىر پۈتمەس - تۈگمەس مەنىۋى بايلىق مەنبەئى، مەيلى ۋاقىت جەھەتتىن بولسۇن، ياكى گۈزەللىك ۋە ئىجادىي دانىشمەنلىك جەھەتتىن بولسۇن، خەلق ئومۇمەن بىرىنچى پەيلاسوپ ۋە شائىردۇر. ئۇلارنىڭ ئىجات قىلغان ئۇلۇق ئەسەرلىرى دۇنيادىكى بارلىق تىراگېدىيە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك تىراگېدىيە بولغان پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىن ئىبارەت.» ④ گوركىي يەنە: «خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى يازما

ئەدەبىياتنىڭ ئاساسى ۋە سۈت ئانىسى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق پەقەت ماددى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا، يەنە مەنىۋى بايلىقلارنىڭمۇ ئىجاتچىسى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مانا بۇ، بىزنىڭ يازغۇچىلارنىڭ يازما ئىجادىيىتى بىلەن خەلق ئاممىسى كوللېكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ (ئۇچۇغراق ئېيتقاندا، يازما ئەدەبىيات بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ) مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىشىمىزدىكى ئاساسىي پرىنسىپ.

خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى بىلەن يازما ئىجادىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سىنىپىي كۆرەشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ.

سىنىپىي جەمىيەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، ئېغىز ئەدەبىياتى پۈتكۈل ئىپتىدائى جەمىيەتنىڭ ئومۇمى خەلق ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ بىردىن - بىر شەكلى ئىدى. ئۇ كېيىنچە شۇ خەلقنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى بىر قەدەر تاكامىللاشقان ئەدەبىياتنىڭ تۇرەلمىسى ۋە ئەجداتى بولۇپ قالدى.

ماددى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلىشى نەتىجىسىدە باشلانغۇچ ئۇرۇقداشلىق جەمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە سىنىپنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، جەمىيەتتە تەكرار ئىش تەقسىماتى پەيدا بولدى. ئەنە شۇ تەكرار ئىش تەقسىماتىنىڭ نەتىجىسىدە «ئەركىن كىشىلەر بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن باشقا، يەنە بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارلىققا كەلدى. يېڭى ئىش تەقسىماتىغا ئەگىشىپ، جەمىيەتتە يېڭى سىنىپىي تەركىپ پەيدا بولدى»⑤ سىنىپنىڭ پەيدا بولىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىياتمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى سىنىپنىڭ قارىمۇ - قارشى ئەدەبىياتى بولۇپ بۆلۈندى. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر قەدەر مۇرەككەپ، گەرچە ئەدەبىياتتا ئەكس ئېتتىلگەن ئىككى خىل ئوخشىمىغان سىنىپلارنىڭ تۇرمۇشى ئەدەبىياتنىڭ تارقىلىش ئۇسۇلى (ئېغىز ياكى يازما ئارقىلىق) جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن خالى بولالمايدۇ. ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ياكى يازما ئەدەبىيات بولسۇن، ھەر ئىككىسىلا تارىخىي شارائىتنىڭ ھەر خىل چەكلىمىلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ، ئىپتىدائى جەمىيەتكە تەئەللۇق بولغان ئومۇمخەلق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. بولۇپمۇ، سىنىپىي جەمىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئۇچرىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، گەرچە ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى ۋە مەيدانى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئوبيېكتىپ رېياللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەممىدە ھەممىسىلا تىل ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان.

گەرچە تىل تەرەققىياتى جەريانىدا ئەدەبىي تىل بىلەن ئېغىز تىلى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق پەيدا بولسىمۇ، لېكىن باشتىن - ئاخىر يېزىق تىلى بىلەن ئېغىز تىلىنىڭ قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەدەبىيات تارىخىدا يەنە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇتكى، سىنىپىي جەمئىيەت تارىخىدا بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر يازغۇچىلار (كېلىپ چىقىشى ھۆكۈمران سىنىپلارغا تەئەللۇق بولسىمۇ) ئوبيېكتىپ رىياللىقنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھامان خەلق تۇرمۇشىدىكى بەزى دەرت - ئەلەملىرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ. شۇنداقلا ئاكتىپ ھالدا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئىتى تەبىئىي ھالدا كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا قارىتا ھەرقايسى تەرەپلەردىن غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە يازما ئەدەبىياتقا ھوسۇن قوشۇپ، ئۇنىڭ ئاۋام خەلق قەلبىدە يىلتىز سۈرۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات - ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، خەلق تۇرمۇشى بولسا پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەئى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى يالغۇز خەلق تۇرمۇشىدىكى تەبىئىي ھالەتلەرگە نىسبەتەن زىچ يېقىنلاشقان نەرسە بولۇپ قالماستىن، شۇنداقلائۇ يەنە، ئەڭ گۈزەل سەنئەت بويۇمى بولۇپ يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرىدىغان تەربىيىچى ئانىدۇر. شۇ سەۋەپتىن يازغۇچىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىلھام مەنبەئى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا خەلق تۇرمۇشى ھەمدە خەلقنىڭ ئىجادىيىتىدە ساقلىنىدۇ.

ئۇزاق ئەسىرلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، خەلق ئاممىسى ئۇزاق يىللار مابەينىدە ياراتقان تىل گەۋھەرلىرىنى ئەڭ گۈزەل مىسرالارغا تىزىپ ئۇنى يازغۇچىلارغا بەخش ئەتتى؛ خەلق ئىجات قىلغان ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ھەر خىل تۈر ۋە ژانىرلىرى بىلەن يازما ئەدەبىياتقا جانلىق ئىجادىيەت شەكىللىرىنى تەييارلاپ بەردى؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ خىل تېمىلىرى ۋە مول ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرى يازغۇچىلارنى چەكسىز، كەڭ تېما ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئەڭ مۇھىمى خەلقنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي سەپەرلىرىگە ماس ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدە „مەڭگۈ گۈزەللىك“ كە ئىگە بولغان ھەر خىل قەھرىمان ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق، يازغۇچىلار ئىجادىيىتىدە ئاتاغلىق دۇنياۋى تىپىك ئوبرازلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە قىممەتلىك ئاساس سېلىپ بەردى؛ خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە نامايان قىلغان كەڭ تەسەۋۋۇر ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەساۋۋۇر كۈچىنى قانائەتلەندۈردى. قىسقىسى، خۇددى يولداش گومورو ئېيتقاندەك، „جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى ئەسكە ئالساق، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق، جانلىق ۋە مول بولغىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ياكى

پىششىقلاپ ئىشلەنگەن خەلقنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز»[6] مانا بۇ ھەر قايسى مەسىلىلەرنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخى ئۈچۈن ئورتاق بولغان قانۇنىيەتتۇر.

تۆۋەندە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرىنى بىر قانچە تەرەپلەردىن تەكشۈرۈپ ئۆتەيلى.

## بىرىنچى، تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە

دۇنيانىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىدە، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى رېيالىزم ۋە ئاكتىپ رومانتىزم روھىغا ئىگە بولغان يازغۇچىلار شۇنىڭ ئۈچۈن بىسەنئەتتە ئۇلۇق نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىدىكى، ئۇلار ئۆز ئىجادىيىتىدە تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتلەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مول خەلقچىللىقىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - غايىلىرىنى ئىپادىلىدى. مىلادىدىن تەخمىنەن 8 - 12 ئەسىرلەر بۇرۇن ياشىغان يۇناننىڭ ئەما شائىرى گومىرنىڭ «ئىللىادا» ۋە «ئودىسسىيا» داستانلىرى گىرېك ئىپتىدائى ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنىڭ تېمىسى ئاساسىدا ئىجات قىلىنغان.

«ئىللىادا» ناملىق داستاندا، دەل يۇناندىكى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقى ۋە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ زامانىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بولۇپ شەكىللىنىۋاتقانلىقى، بۇ دەۋرنىڭ يۇنان تارىخىدىكى «قەھرىمانلىق دەۋرى» دەپ ئاتالغانلىقى ۋە شۇ سەۋەبتىن گىرېكلارنىڭ شۇ زامانلاردا ترويا[7]غا يۈرۈش قىلغانلىقىمۇ، دەل ئېنگېلس ئېيتقاندەك، «قۇرۇغلۇق، دېڭىز قاراقچىلىق ۋە بولاڭچىلىق قىلىش يولىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش»[8] بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

«ئودىسسىيا» داستانىدىمۇ ئەنە شۇ «ئىللىادا» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن «ترويا ئۇرۇشى» توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى ئەكس ئەتكەن. يەنى يۇنان ئۇرۇقداشلار جەمئىيىتى يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرغان چاغدا ئۇرۇق ئاقساقىلى ئودىسسىيانىڭ «ترويا ئۇرۇشى» تۈگىگەندىن كېيىن يۇرتىغا (يۇنانغا) قايتىپ كېلەلمەۋېتىپ ئۇزۇن يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.[9]

قىسقىسى «ئىللىادا» ۋە «ئودىسسىيا» داستانلىرى، شۇنىڭدەك يۇنان شائىرى ھېسىود يازغان «خۇدالار شەجەرىسى» — يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىنىڭ يىغىندىسى، ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن نورغۇنلىغان يۇنان ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. قەدىمقى يۇنان تىراگېدىيىچىلىرىدىن ئائىسخىلوس (مىلادىدىن ئىلگىرى 525 ؟ - 456)، سوفوكلىس (مىلادىدىن 496 ؟ - 406) ئېۋرىپىدىسلار (مىلادىدىن ئىلگىرى 485 ؟ - 406 يىللار) نىڭ ئەسەرلىرىدە يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان. نەپىس سەنئەت جەھەتتە قەدىمقى يۇناندىكى ھەيكەلتاراشلىق، لوڭقىغا رەسىم چۈشۈرۈش ئىشلىرىدا شۇنىڭدەك رىمنىڭ قىيو-

داللىق دەۋرىدە تاملارغا رەسىم سىزىش ئىشلىرىدىمۇ پۈتۈنلەي دېگەندەك يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ھېكايىلار ئاساسىي تېما قىلىنغان. ھەقىقەتەن ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: „يۇنان ئەپسانىلىرى يۇنان سەنئىتىنىڭ قورال ئامبىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تۇپرىغى" ⑩ دىن ئىبارەت بولغان.

ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدىمۇ بۇنداق ئەمەلىي مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى ياشىغان ئېلىمىزنىڭ تۇنجى ئۇلۇغ شائىرى چۈي يۈەننىڭ «ۋ نەزمى»، «تەڭرىگە سوئال»، «جۇدالىق زارى»، «ۋ نىزام»، «جىۋىزىگە مەدھىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرى شۇ دەۋرلەردىكى خەلقنىڭ قوشاقلىرى ۋە ئەپسانىلىرىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. بولۇپمۇ «ۋ نەزمى» بىلەن «تەڭرىگە سوئال» خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېمىسىنى بىۋاستە قوبۇل قىلغان. كېيىنكى خەن دەۋرىدىكى ۋاڭيىنىڭ كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ: «ۋ نەزمى» نى چۈي يۈەن يازغان. قەدىمقى چۇدۆلىتىنىڭ پايتەختى خەن يىڭ شەھىرى يۈەنجاڭ دەرياسى بىلەن شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ جىنغا چوقۇنىدىغان ۋە ئىبادەتخانا ياساشنى ياخشى كۆرىدىغان ئۆرپى - ئادەتلىرى بولغان. ھەر قېتىم ئەرۋاھلار ئۈچۈن نەزىر قىلغاندا، داقا - دۇمباق چېلىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدىكەن. چۈي يۈەن سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن بۇ يەرگە كەلگەن. ئۇ پۇقرالارنىڭ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ قىلغان نەزىر قىلىش مۇراسىملىرىدا، ئۇلارنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇسسۇللىرىنى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنىڭ سۆزلىرى قوپاللىراق بولغانلىقتىن، ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارغا «ۋ نەزمى» نى تۈزۈپ بەرگەن. «تەڭرىگە سوئال» دېگەن ئەسەرنى بولسا چۇدۆلىتىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ تام سىزمىلىرىغا ئاساسەن ئىجاد قىلغان. بۇ شېئىرنىڭ 370 نەچچە مىسراسىدا يۈزدىن ئارتۇق سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ سوئاللار ناھايىتى نۇرغۇن ئەپسانىۋى ماتېرىياللارغا چېتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن ئەينى ۋاقىتتىكى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

دېمەك، „چۈي يۈەننىڭ شېئىرى ئەسەرلىرىدىكى تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى ئۆزگەنىك ھالدا ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگەندە، ئۇ ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى زامان ئەپسانىلىرىنىڭ خەزىنىسى ۋە مۇھىم تارىخى ماتېرىياللار مۇزېيخانىسى بولۇشى مۇمكىن" ⑪

ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن چۈي يۈەن بىۋاستە ھالدا خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى خەلقچىللىق ۋە رېئالىزىملىق روھىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە ئۆزلەشتۈردى ۋە يېتەكچى قىلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، روشەن سىياسىي خاھىش، گۇمانىزىملىق ئىدىيە كېيىنكى ئەسىرلەردە ياشىغان يازغۇچى - شائىرلارنىڭ خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى پارلاق ئۈلگە بولدى.

خەن، ۋېي، ئالتە سۇلالە دەۋرىدىكى «يۆفۇ قوشاقلىرى» ⑫ نىڭ كلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ئاساسەن گۈللەنگەن تاڭ دەۋرى ۋە ئوتتۇرا تاڭدىن

ئىبارەت ئىككى دەۋردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەنە شۇ «يۈيفۇ قوشاقلىرى»نىڭ بىۋاسىتە تەسىرى (تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن تەرەپتىن) ۋە يېتىشتۈرۈشى نەتىجىسىدە تاڭ دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن لى بەي (مىلادى 701 - 762 - يىللار)، دۇفۇ (مىلادى 712 - 770 - يىللار)، بەي جۈيىي (772 - 846 - يىللار) قاتارلىق شاھانە شائىرلار مەيدانغا كەلگەنلىكتىن، بۇ دەۋر ئېلىمىزنىڭ شېرىيەت تارىخىدا «ئالتۇن دەۋر» دېگەن شۆھرەت بىلەن دۇنياغا ئۆزىنى نامايان قىلدى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ تېمىسىدىن پايدىلىنىپ ئىجات ئېتىلگەن شېئىرى ئەسەرلەردىن باشقا، يەنە ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا ئەشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بارلىققا كەلگەن سەھنە ئەسەرلىرى، رومان - قىسسىلەرمۇ ئاز ئەمەس، ھەممىمىزگە تونۇش بولغان پۇسۇڭلىڭنىڭ «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» ناملىق مەشھۇر قىسسىسى ئاساسەن خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئۆزىگە تېما قىلغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى 100 دىن ئارتۇق ھېكايىلەر پۈتۈنلەي دېگەندەك خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنىڭ پىششىقلىنىپ ئىشلىنىشىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا «غەرپكە ساياھەت»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» كە ئوخشاش داڭدار رومانلار خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ئۆزىگە ماتېرىيال قىلغاندىن تاشقىرى، تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن ئېلىمىزنىڭ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە ئورگىناللىقتا ئىگە بولغان مەزمۇنلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلىمىسەكمۇ، بۇ كىتاپخانلارغا بىر قەدەر ئايدىڭ.

ئەمدى ئىزاھلىماقچى بولغان ئاساسىي تېمىغا كەلسەك، ۋەتەن ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبى بولغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ يۇقۇرقى قانۇنىيەتلەردىن زادى مۇستەسنا ئەمەس.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ خەلقچىللىققا ئىگە بولغانلىقى ۋە باشتىن - ئاخىر قويۇق رېئالىزىملىق روھ بىلەن رومانتىزىملىق غايىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىجتىمائى مەنبەسىنى مۇلاھىزە قىلغاندا، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىزچىل ھالدا باي ۋە گۈزەل بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېمىسىغا ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىيات تارىخى زادى قايسى ئەسىردىن باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە دۇنيا تۈركولوگلىرىنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. تۈركىي خەلقلەر (بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار) مىللىي پىسخولوگىيە جەھەتتە، كونىلىقتا مەھكەم يېپىشۋالمايدىغان، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا قەدىمقى تۈركىي (رونىك) يېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى، توخار يېزىقى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق كۆپ خىل يېزىق قوللانغان. جۈملىدىن دىنىي ئېتىقات جەھەتتىمۇ شامان دىنى،

مانى دىنى، زاراتۇسترا (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى، بۇددا دىنى، نېستورىيان (خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى)، ئىسلام دىنىغا ئوخشاش كۆپلىگەن دىنىي قاراشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولۇپ كەلگەن. كۆپ خىل يېزىق ۋە كۆپ خىل دىنىي ئېتىقات ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىلىك پىكىر قىلىش (تارىخنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئالغا يۈكسەلدۈرۈشتە - تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ)، لېكىن قېدىمقى يېزىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە بولغان تەبىئى گارمونىك لىنىيىسىنى ئۈزۈپ قويدى؛ ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئىزچىللىق مەنىلىسىدە ئېتنىك جەھەتتىن بەزى چۈشىنىشمەسلىك پەيدا قىلدى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن، قېدىمقى دەۋرگە خاس (ئادەتتە خىرونولوگىيە پىرىنسىپى بويىچە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردىن مىلادى 7 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋر — قېدىمقى دەۋر ھېساپلىنىدۇ) يازما مەنبەلەر بىزدە ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ. ئورخۇن «مەڭگۈ تاش» يازما يادىكارلىقلىرى ۋە «تۇرپان تېكىستلىرى» دەپ ئومۇمى نام بىلەن ئاتالغان ھەر خىل مەزمۇندىكى يازما ۋەسىقىلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، 10 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى يازما مەنبەلەر ۋە ماددى، مەنىۋى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى دىنىي تەرجىمە ئەدەبىياتى بولۇپ، شامان، بۇددا، مانى، نېستورىيان، زارو ئاستىرىزىم دىنى چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلىق بولغان "خىرىستىيان دىنىنىڭ كىتاپلىرى، مانى دىنىنىڭ دۇئالىرى ۋە دۇرۇت - مۇناجاتلىرى، بولۇپمۇ بۇددا نوم - سۇترالىرى بۇ چاققىچە تېپىلغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ ⑬. لېكىن ياقا تىللاردىن (بولۇپمۇ ئەنەتكەك تىلىدىن) تەرجىمە قىلىنغان كىتاپلاردىكى ۋەقەلەر، رىۋايەت - قىسسەلەر ئۇيغۇر مۇھىتىغا سىڭىشكەندە، ناھايىتى تەبىئى ھالدا ئەشۇ خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىئولوگىيىلىك قاراشلىرى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىۋىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قېدىمقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فولكلور ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەپ كەلگەن. شۇ سەۋەپتىن ئىپتىدائى ئەپسانە — ئاساتىرلار ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ئورگانىك يوسۇندا بىرىكىپ كەتكەن.

9 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھاياتىدا كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش پەيدا بولدى. ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەققىيات بىر مەزگىل ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بوھران ئىچىدە قالغان ئۇيغۇر يازما مەدەنىيەت تارىخىنى يېڭى باسقۇچقا ئېلىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدا بىر قەدەر سىستېمىلاشقان ۋە تاكامۇللاشقان دۇنياۋى ئەدەبىيات دەۋرى باشلىنىپ، «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىگ»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق بىر - بىرىگە ئۇلاشقان قىممەتلىك ئەسەرلەر يارىتىلىپ، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە قوشۇلدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمى تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، ئۇ ئۈزۈلمەس دولقۇندەك

ئىزچىللىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى ئىسگە بولغان ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىن مول ماتېرىيال
ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ (رىيالىزىملىق ۋە ئاكتىپ رومانتىزىملىق روھقا ۋارىسلىق قىلىپ،
ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىلىك پىكىر قىلىش ئەنئەنىسىنى بەدىئىي ئەدەبىيات شەكلى بىلەن تېخىمۇ
سىستېمىلاشتۇرغانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-
لىرى ئەلۋەتتە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللارغا باغلىق؛ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا،
دۇنيادىكى بارلىق ئىستېداتلىق يازغۇچىلارغا ئوخشاش مەھمۇت قەشقىرى بىلەن خاقانىيە
ئۆلكىسىدىن ھاجى يۈسۈپ (يۈسۈپ خاس ھاجىب) نىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تىنىڭ ئېپا ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكى
ۋە ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، ئۆز خەلقىنىڭ ئېغىز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇزاق ئەسىرلەر-
دىن بۇيان ئىزچىل داۋاملاشقان بەدىئىي ئەدەبىيات غايىلىرى ۋە ئېستېتىكىلىق قاراش-
لىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر سىڭدۈر-
گەنلىكى ھەمدە ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك پىكىر ئېقىمى قاتارلىقلار بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك.

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» گەرچە دۇنيادىكى سېلىشتۇرما
تىلشۇناسلىق توغرىسىدىكى دەسلەپكى دەستۇرلاردىن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىلمىي
قامۇسى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنىڭ كۆرسەتكەن مۇقەررەر تەسىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئالىم مەھمۇت قەش-
قىرى «دىۋان» نى تۈزۈشتىن بۇرۇن پۈتكۈل «خاقانىيە» ئۆلكىسىنى (جۇملىدىن
قەشقەرىيە، ئىلى، يەتتەسۇ ۋە ئىسسىق كۆل بويلىرىنى)، قىرغىز، تاتار دالىلىرىنى،
بۇلغار - قىپچاق سەھرالىرىنى، شەرقىي ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى، ئارغۇ - ئوغۇز يېزىلىرىنى،
دوغلات (دولۇن) ۋادىلىرىنى... كېزىپ ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش
نەتىجىسىدە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ئۇلۇس - ئايماقلارنىڭ تىللىرى بىلەن ئىنچىكە-
لەپ تونۇشتى؛ تۈرلۈك تىل پاكىتلىرىنى، شېئىر - قوشاقلىرىنى، ماقال - تەمسىللىرىنى،
ھېكمەتلىك سۆز - ئىبارىلىرىنى، تارىخىي قىممىتى بار ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنى ......
توپلىدى ۋە ئۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى «دىۋان» دا تۈركىي تىللارنى ئىزاھلاش
ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. («دىۋان» غا 300 پارچىدىن ئارتۇق ھەر
خىل تېمىدىكى خەلق قوشاقلىرى، 200 دىن ئارتۇق پەلسەپىۋى ئەھمىيەتلىك ماقال -
تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك ئىبارىلەر، تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا ئائىت 10 نەچچە پارچە ئەپسانە -
رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن.) بىز پەقەت ئەنە شۇ «دىۋان» دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبىي پارچىلار
ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى پارلاق ئۆلگىلىرى بىلەن تو-
نۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز. مۇشۇ نۇقتىدا ئۇلۇق ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنى دۇنيا مەدەنىيەت

تارىخىدا خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى خېلى بۇرۇنلا چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە سىستېمىلىق ئىشقا ئاشۇرغان بۈيۈك زاتلارنىڭ بىرى دەپ باھا بېرىشكە ھەقلىقمىز.

قارا خانىلار سىياسى ھاياتىنى ئىلىم، ئادالەت، ئەخلاق ۋە قانۇن بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ دەستۇرى، پەلسەپە، ئىجتىمائىيەت دەرسلىكى دەپ قارالغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىمۇ تاسادىپەن بارلىققا كېلىپ قالغان ئەمەس؛ سوبېكتىپ جەھەتتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ ئەدىپ سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە، جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر ئىدېئولوگىيىلىك پىكىر ئېقىمىدا نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ پارلىغان «فارابىزىم»⑭ تەلىماتلىرىنىڭ لاياقەتلىك ۋارىسى ئىدى. ئوبېكتىپ جەھەتتە، ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئوبېكتىپ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا نامايان بولغان مىللىي ئىدېئولوگىيىلىك پىكىر ئېقىمى بىلەن خەلقچىللىق روھ، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزملىق غايە ئاپتورنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك قاراشلىرىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئىككى ئامىل بىرلىشىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگىكىنى ماددى ۋە مەنىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ئالغا سۈرۈلگەن دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەرلىك كۆز قاراشلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي ئىدېئولوگىيىلىك ئەنئەنىۋى پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئاساستا ئورگانىك باغلىنىش مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىنىڭ بۇ ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلىرى (ئىلىم - مەرىپەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، ئادالەت، ئەخلاقى - پەزىلەت، تەڭلىك - باراۋەرلىك، ھاياتقا مۇھەببەت ....) شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي كىشىلىك خاراكتېرى بولۇپ، قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئاغزاكىلىقى، كوللېكتىپچانلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە ۋارىسچانلىقىدىن ئىبارەت تۆرت زور ئالاھىدىلىكى بويىچە، ھېچقانداق بىر كىشىگە ئاپتورلۇق ھوقۇقى بەرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەلگىلىك ئىنسانلار توپىنىڭ ئوبېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى مەنتىقىلىق، ماتېماتىكىلىق، تەسەۋۋۇرلۇق، ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بىلەن تەكرار شۇغۇللىنىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئىدېيىۋى مەزمۇن جەھەتتە ئەڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە ئېتنوگرافىك ئورىگىناللىققا ئىگە بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن خەلق كاتېگورىيىسىنىڭ بىر ئەزاسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرى ئارقىلىق ياراتقان ئىجادىي، مەنىۋى مەدەنىيەت مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى ۋە ھەر

ساھە بويىچە ئۇلچەملىك غايىۋى كوز قاراشلىرىنى، ئاۋام خەلق ئىجادىيىتىدىكى ئەپەككۇر مۇۋاپىقىيەتلىرىدىن، بىر پۇتۇنلۇككە، تاشقى ۋە ئىچكى گارمونىيىلىككە ئىگە بولغان بەدىئى پىكىر قىلىش ئىزچىللىقىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. (بۇنداق دىگەنلىك ھېچقاچان ئەدىبىي ئىجادىيەتتە شەخسىنىڭ ئىجادىي رولىنى ئىنكار قىلىغانلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە).

بۇ پىكىرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن «تۈركى تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەند - نەسىھەت خاراكتېرلىك قوشاقلىرىنىڭ تېمىسى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا يارىتىلغان تورت كونكىرىت ئوبراز (كۈن تۇغدى ئىلىك، ئايتولدى ۋەزىر، ئوگدۇلمىش ئۇستاز، گۇزەل ئەخلاقلىق ئودغۇرمىش) ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان غايىۋى پىكىر مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئى باغلىنىشنى ئوز - ئارا سېلىشتۇرۇپ كورسەك كۇپايە قىلىدۇ:

مەنىسى:

ئەي ئوغۇل مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق ‹ ئالغىل ئوگۇت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە
تۇت، پەزىلەت تىلە، ئەل ئارىسىدا بىئو- ‹ بويىدا ئۇلۇغ بىلىگە بولۇپ بىلىگىڭ ئوله.
يۇك ئالىم بول، ئىلىمگنى تارقات.

مەنىسى:

بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ، سوزىنى ئاڭلا، ‹ بىلىگ ئەرىك ئەدگو تۇتۇپ سوزنى ئەشىت
پەزىلىتىنى ئوگىنىپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇر. ‹ ئەردەمىسىنى ئوگىرە نىبەن ئىشقا سورا.

مەنىسى:

ئىلىم - ھىكمەت ئىزلە، ئوگىنىشتە مەغرۇرلانما، ‹ ئەردەم تىلە ئورگە نىبەن بولما كوۋەز
ناداان كىشى ماختانسا، سىناق ۋاقتىدا مات ‹ ئەردەمسىزنى ئوكونسە ئەگمە گۇدە ئەگەر
بولۇپ قالىدۇ.

(«تۈركى تىللار دىۋانى»)

ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ۋە مىللىيە تە- لىككە ئىگە بولغان ئەقلىيە خاراكتېرلىك بۇ خىل پىكىرلەر «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى- نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا سىڭىشىپ، ئۇنىڭدا تېخىمۇ راۋاجلانغان ۋە سىستېمىلاشقان:

مەنىسى:

«ئەقىل - ئىدرەك قەيەردە بەلىما ‹ «ئوقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر
ئۇلۇغلۇق (شۇ يەردە) بولىدۇ، ‹ بىلىگ كىمدە بولسا بەدۇكلۇك ئالۇر
كىمدە بىلىم بولسا، ئۇ بۈيۈككە ئېرىشىدۇ.

مەنىسى:

ئەقىللىق ئۇقالايدۇ. ‹ ئوقۇشلۇق ئوقار ئول، بىلىگىگ بىلىر
بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەر تىلىگىگە يېتەلمەيدۇ» ‹ بىلىگلىي، ئوقۇغلىي تىلەككە تەگر،»

مەنىسى:
ئوقۇش بولسا ئەركدە كور، ئاسغى ئوكۇش } ئەقىل - ئىدرەكنىڭ كىشىگە پايدىسى
بىلىگ بىلسە ئوترۇ بولۇر ئەركۈسۈش، } نۇرغۇن، بىلىم بىلگەندىن كېيىن،
ئادەم قەدىرلىك بولىدۇ.

. . . . . . . . . . . . . .

(«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىن)

بىلىم ئارقىلىق ئەقىل - ئىدرەككە ئىگە بولۇپ، نادانلىقنى تەرك ئېتىش، بىلىملىكلەرنى ئۇلۇغلاش، مەرىپەت ئارقىلىق مەۋجۇت ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىپ پاراۋان ۋە بەختىيار غايىۋى جەمىيەت بەرپا قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەجەرىسىدە ئىزچىللىقا ئىگە پىكىر مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ ئەشۇ خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ (فارابىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا ئەخلاق پەلسەپىسى ۋە سىياسىي پەلسەپىنىڭ) ئاساسىي گەۋدىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇقەررەر هالدا ئىنسانلار بىلىشىنىڭ بىر قىزىل يىپى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا تۇتاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن بۇ پىكىر ئېقىمى يازغۇچىلار ئەدەبىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ هەر قايسى دەۋرلەرنىڭ كىلاسسىك يازما ئەدەبىيات ئۈلگىلىرىدە تېخىمۇ كونكرېتلاشتى.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئاممىۋى هالدا ئورتاق شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى نۇرغۇن ئەسىرلىك كىشىلىك تۇرمۇش كۆز قارىشىنىڭ مېغىزىدىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنى هېچقانداق كۈچ ئۈزۈپ تاشلىيالمايدۇ. بەلكى، ئۇ خەلقنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە هامان ئۆزىدىن كېيىنكى يازما ئەدەبىيات (جۈملىدىن باشقا ئىجتىمائىي ساهەلەردە) ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئەتەبەتۇل هەقايىق» داستانىمۇ ۋاستىلىق هالدا ئەنە شۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېما ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايىش قىلالىدى.

ئەدىپ ئەهمەت قاراخانىلار هاكىمىيىتىنىڭ گۈللىنىشتىن خاراپلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا ياشىدى، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە هاكىمىيەت ئىچىدىكى ئارىلاشماي، كۆپ هاياتىنى خەلق ئارىسىدا، تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇهىتىدا ئۆتكۈزدى. بۇ هال شائىرنى قاراخانىلار هاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى پەلسەپە جەهەتتىن چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە ئۇ كۈچلۈك رېئالىستىك روھ بىلەن جاهالەتلىك دەۋرگە نەپرەت ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن

دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى پەلسەپىۋى تەپەككۇر قىلىش شەكلى ئارقىلىق يىغىنچاقلاپ ۋە ئۇنى ئېستېتىك پىكىرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرىنى تېپىشقا تىرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ رېئالىستىك روھىدىن ۋە خەلقچىللىق ئىدىيىسىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

قەدىمقى زاماندىن تارتىپ تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن، ئۇيغۇرلار قوشاقچىلىق، فولكلور تىپىدىكى داستانچىلىق جەھەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەتتى. ناخشا - قوشاق، مۇزىكا - ئۇسسۇلنى ئۆز - ئارا بىرىكتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ئۇنىۋېرسال ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ بۇ ئورتاقلىق قانۇنىيەت ئەنئەنىسىنى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تېخىمۇ پاساھەتكە يەتكەن دەۋرلەردە (14 - ئەسىردىن كېيىن) تېخىمۇ روشەن جارى قىلدۇردى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى بولۇپمۇ، ناۋايى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر لىرىك شېئرىيەت گۈلزارلىقىدا ئۇزاققىچە يۈكسەك گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئۇلار بىر تەرەپتىن شېئرىيەت تارىخىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا «غەزەل ئەدەبىياتى» نى باشلاپ بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلار توغرىسىدىكى ئەڭ نازۇك، ئورتاق چۈشەنچە ھېساپلانغان مۇھەببەت تېمىسىنى جەمئىيەتنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەنزىرىسىگە تەدبىقلاپ „مەڭگۈلۈك سېھىرلىك كۈچ“ (ماركس) كە ئىگە لىرىك كۈيگە ئايلاندۇردى.

يۈز جاپا قىلسا ماڭا، بىر قەتلە پەرياد ئەيلەبان،

ئەلگە قىلسا بىر جاپا، يۈز قەتلە پەرياد ئەيلەرەم،

دېگەن ئوتلۇق مىسرالار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىنى ئالەمگە نامايىش قىلغان «چاغاتاي دەۋرى» ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى چۈ يۈەن، لى بەيلەرنىڭ تۇرمۇش يولىدىن پەرقلەنمەيتتى. شۇ سەۋەپتىن ناۋايى بۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تەسىرى بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن تەقدىرداش بولدى. ئۆز ئىجادىيىتىدە خەلقنىڭ سەنئەت ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى كەڭ تېماتىك مەزمۇنىدىن ئوزۇقلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆپلىگەن لىرىك غەزەللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكا مۇزىكىسى — «12 مۇقام» نىڭ نەغمىلىرى بىلەن بىرلىكتە جاراڭلاپ، تا ھازىرغىچە خەلق ناخشىلىرى قاتارىدا ئەل ئارىسىدا ياشاپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتە ناۋايى ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرىنى بولۇپمۇ، ئۇنىڭ مىلادى 1483 - 1485 - يىللىرى تۈزگەن «خەمسە» سىدىن روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. «خەمسە»، ناۋايى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ

يىرىك ئۇلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن «ھەيرەتۇلئەبرار»، «پەرھات ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەرى»دىن ئىبارەت بەش بۈيۈك داستاننىڭ تېمىسى ۋە سيۇژىتى شەرق خەلقى ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئېقىپ يۈرگەن خەلقنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە ھېكايە - قىسسىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان. «پەرھات ۋە شېرىن» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر شەرقتە ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەلق ئاغزىدىكى بۇ قىسسىنى يازما ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشقان ئىدى، تۇنجى قېتىم مەشھۇر «شاھنامە»نىڭ ئاپتورى ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى «خىسراۋ ۋە شىرىن» نامىدا ئۇنى يازما ئەدەبىيات ھالىتىگە كەلتۈردى. بىراق ئۇ مىللىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن بۇ قىسسىنىڭ ئەسلى تېمىسىنى ئۆزگەرتىپ، پەرھاتنىڭ ئوبرازىنى يوقىتىۋەتتى. 12 - ئەسىرگە كەلگەندە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامىي گەنجىۋى يەنە شۇ نام بىلەن بۇ داستاننى پارسچە يېزىپ، بەلگۈلۈك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا پەرھات ئوبرازى تولۇق گەۋدىلەنمىدى. 14 - ئەسىرگە كەلگەندە ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىيمۇ بۇ قىسسىنى نىزامىي ئىزى بىلەن داستان شەكلىدە يېزىپ قالدۇردى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا قاراش چەكلىمىسى ۋە مىللەت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن «پەرھات ۋە شىرىن» قىسسىسىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تېمىسى ۋە سيۇژىتىغا ۋارىسلىق قىلالمىغان ئىدى. پەقەت 15 - ئەسىرگە كەلگەندىلا خەلقپەرۋەر شائىر ئەلىشىر ناۋائىي بۇ قىسسىنىڭ رېئالىستىك ۋە خەلقچىللىق روھىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ ۋە يېڭىچە پىكىر، ئىلغار مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، مەشھۇر «پەرھات ۋە شېرىن» داستانىنى يېزىپ خەلقنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ناۋائىي كامالەتكە يەتكۈزگەن بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىسىنى تېپىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى تېمىلىرىنى ئاساس قىلغان مىللىي ئۇسلۇپ ۋە خاراكتېرگە ئىگە داستانچىلىق ئىجادىيىتى راۋاجلاندى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ناۋائىيدىن كېيىن داستانچىلىق ساھەسىدە يەنە بىر قېتىم تەنتەنە قىلغان 2 - نامايەندە — ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» ⑮ دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان 18 داستانىنىڭ ئىچىدە «رابىيە - سەئىدىن»دىن باشقىسى، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ھېكايە - رىۋايەتلەرنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلغان ياكى ئۆزىدىن بۇرۇنقى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن شۇ نامدىكى داستانلىرىنى ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇپ ۋە جانلىق ئىدىيىۋى مەزمۇنلار بىلەن ئىجادىي بېيىتىپ، رېئاللىق بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغان. مۇشۇ نۇقتىدا نىزارىنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزمنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈن-

كى ئۇنىڭ پۈتكۈل نەزمىلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس ئۇسۇل بىلەن ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ رېئال كارتىنىسى چىنلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن. بۇ جەھەتتە يەنە ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق يىللىرىدا ئۇسۇپ يېتىلگەن تالانتلىق شائىر موللا بىلال (نازىم) نىڭ ئىجادىيىتى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. بىلال ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تارىخىدا «غەزەلىيات» شېئىرى دىۋانىدىن باشقا «كىتابى غازات دەرمۈلكى چىن»، «نوزۇگۇم»، «چاڭمۇزا يۈسۈپخان» قاتارلىق داستانلارنى يازدى. بۇ داستانلارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى باشقا ئەنئەنىۋى تېمىلىق داستانلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى، موللا بىلال داستانلىرىدا شائىر ياشاپ تۇرغان دەۋرلەردە خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان رېئال تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىي تېما قىلىندى.

موللا بىلال ئۆز ھاياتىنى قىيىنچىلىق شارائىتتا ئۆتكەزگەن بولۇشىغا قارىماي بايى كلاسسىك مىراسلىرىمىزنى، خەلق فولكلورىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى. ھاياتىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ «بەختىيار» لىرى بىلەن «خارۇ - زار» لىرىنى كۆردى؛ كۈلكە - سازلارنى، «غەمكىن» ئاۋازلارنى ئىشىتتى. نەتىجىدە ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، «تەيپىڭ - تيەنگو» ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە 1867 - يىلىدىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بىۋاستە ئىشتىراك قىلدى. بۇ ھال بىلالنىڭ يالقۇنلۇق رېئالىست بولۇپ يېتىلىشىگە ئاساس بولدى. بۇ جەھەتلەردە ئۇنىڭ «نوزۇگۇم» قىسسىسى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ئۇ قىسسىدە خەلقنىڭ ئازاتلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان XIX- ئەسىردىكى جاسارەتلىك، ئەركسۆيەر، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتتى. ئىنسانىي ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەندۈرگەن قىسسىنىڭ باش قەھرىمانى نوزۇگۇم تارىخىي شەخس بولۇپ، موللا بىلال ئۇنى خەلق ئارىسىدىكى نوزۇگۇم قوشاقلىرىغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىققان، ئاپتور ئەسەرنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە يازغان بېغىشلىمىسىدا، خەلق ئارىسىدا يارىتىلغان بۇ رېئال قىسسىگە ھېچقانداق رەڭ بەرمەستىن نوزۇگۇم ئوبرازىغا سادىق بولغانلىقىنى، «خوتۇن - قىزلارنىڭ شۇنداق پائالىيىتىدىن چەننەتمۇ كامال تاپىدۇ» غانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. بۇ ئەسەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇنىڭدىن باشقا شائىر موللا بىلالنىڭ «غەزەلىيات» ناملىق شېئىرىي دىۋانىمۇ مەزمۇن، تىل ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا ناھايىتى يېقىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرى تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئارىسىغا سىڭىپ، تا بۈگۈنگىچە خەلق ناخشىلىرى قاتارىدا جاراڭلىماقتا.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر ئۈستىدە سۆز ئاچقاندىمۇ،

ئۇنىڭ يوقۇرقى قانۇنىيەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىنى ئېيتىش مۇمكىن.

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نەسرى ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى ۋە ئىدىيۋى مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئاساسلىق قىسمىنى شەرق فولكلورىدىكى ئەپسانىدا - رىۋايەتلەر ۋە فانتازىيىلىك ھېكايىلار تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداقلا، يەنە نەسرى يول بىلەن بايان قىلىنغان ھەر خىل تەزكىرە ئەدەبىياتلىرىمۇ خېلى تەرەققى قىلغان بولۇپ، بۇنداق ئەسەرلەردە خەلقنىڭ رىۋايەت - ئەپسانىلىرى تارىخ بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن.

خاقانىيە ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى ئۇلۇغ يوللۇغ ئۇزلۇغ رابات ئوغۇزى قازىسى بۇرھانىدىن ئوغلى نەسىردىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەئى رابغۇزى» ناملىق ئەسىرى (مىلادى 1309 - 1310 - يىللىرى) ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا «ئالتۇن» يازۇغ قا ئوخشاش تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، رومانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ تۇنجىسى باشلىنىشىدۇر، رابغۇزى بۇ بەدىئى ئەسەرنى خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل دىنىي - ئەپسانىۋى قىسسىلەردىن پايدىلىنىپ نەسرى ئۇسلۇپتا يېزىپ چىققان ھەمدە تۈركى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنە ئۇسلۇبى بويىچە ئەسەر ئارىسىغا تۈرلۈك مەزمۇندىكى نەزمىلەرمۇ قىستۇرۇلغان، «تۈركى تىللاردىۋانى» دىن 250 يىل كېيىن يېزىلغان بۇ «قىسسە» دىكى بەزى شېرى پارچىلار بىلەن «دىۋان» دىكى شۇ مەزمۇنلۇق خەلق قوشاقلىرى ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىق ھەتتا ئوخشاشلىق بارلىقى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

خەلقنىڭ رىۋايەت - ھېكايىلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن نەسرى ئەسەرلەرگە يەنە موللا يۇنۇس يەركەندىنىڭ مىلادى 1755 - يىلى يازغان «يۈسۈپ زىلەيخا» قىسسىسى (نەسرى يول بىلەن يېزىلغان)، يەركەنلىك ئۆمەر باقى تەرىپىدىن مىلادى 1792 - يىلى نەسرى يېزىلغان «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» قىسسىلىرىنى، ھەمدە مىلادى 1849 - يىلى موللا مولا سەنجار ئىبنى ئىبرايىم قەشقىرى تەرىپىدىن رەتلەنگەن «جامىئۇل ھېكايەت» (ھېكايىلار توپلىمى) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرستىش مۇمكىن (ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەرقايسى دەۋرلەردە يېزىلغان تەزكىرە ئەدەبىيات ئۈلگىلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە).

## ئىككىنچى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنى تېپىك ئوبرازلار بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە

ماكسىم گوركى «شەخسىيەتچىلىكنىڭ ھالاكىتى» دېگەن ئەسىرىدە: «بارلىق ئەللەردىكى ئۇلۇغ شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى خەلق كوللېكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ خەزىنىسىدىن پايدىلىنىپ ياراتقان؛ ھەممە بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇشلار، ھەممە شانلىق ئوبرازلار ۋە تىپلار قەدىمقى زامانلاردىن بىرى خەلق ئىجادىيىتىنىڭ بۇ خەزىنىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.» [16] دەپ كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، دونيا ئەدەبىيات تارى-

خىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە نەزەر سالساق، بويۈك كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۆلمەس تىپىك ئوبرازلارنىڭ كوپچىلىگى ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئىغىز ئىجادىيىتىدە يارىتىلغانلىغىنى ئۇچرىتىمىز. شېكىسپىرنىڭ مەشھۇر دىراممىلىرى «رومىئو-ژولىيتتا»، «ئوتىللو»، «هاملىيت»، سېرۋانتىسنىڭ ⑰ «دونكىخوت»، گىيوتىنىڭ ⑱ «فائۇسىت»، گىوگو⑲ نىڭ «پارىژ چىركوسى» (پارىژدىكى مۇقەددەس بۇۋى مەريەم ئىبادەتخانىسى) قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرىدىكى تىپىك ئوبرازلارنى ۋە مەلۇم كورۇنۇشلەرنى خەلق ئاممىسى ئۇز يازغۇچىلىرىدىن بۇرۇن ياراتقان. سېرۋانتىستىن ئىلگىرىلا، خەلق چوچەكلىرىدە رىتسارلىق تۇزۇمى مەسخىرە قىلىنغان، شۇنداقلا، بۇ مەسخىرىلەر خۇددى سېرۋانتىسنىڭكىدەك ئوتكۇر ۋە سالماق بولغان.

ئېلىمىزنىڭ قېدىمقى كىلاسسىك رومانلىرى — «سۇبويىدا»، «غەرپكە ساياهەت» لەردە تەسۋىرلەنگەن تىپىك ئوبرازلارمۇ ئالدى بىلەن نەچچە يۇز يىللار مابەينىدە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلگەن هىكايە، رىۋايەتلەردە ئىجات ئېتىلگەن. «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ ئاساسى خەلق ئارىسىدىكى «داسۇڭ يىلنامىسى ۋەسقىلىرى» دىگەن رىۋايەت. ئۇنىڭدا سۇڭجىڭ، لىن چۇڭ قاتارلىق 36 پالۋاننىڭ تىپىك ئوبرازى هىكايە قىلىنغان. كېيىنچە پۇسۇڭلىن تەرىپىدىن يېزىلغان «سۇ بويىدا» ناملىق روماندا خەلق رىۋايەتلىرىدە يارىتىلغان 36 شۇيىخۇ قەهرىمانلىرىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان هالدا 108 تىپىك قەهرىمان ئوبرازغا كوپەيتىلگەن.

ۋۇچېڭئېن ( wu cheng en ) نىڭ «غەرپكە ساياهەت» رومانى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتكەن شۇەن جۇاڭنىڭ مۇقەددەس بۇددا نومىنى ئالغىلى بارغانلىغى توغرىسىدىكى خەلق رىۋايەتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. شۇەن جۇاڭ 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان جوڭگودىكى ئۇلۇق تارىخىي ئەرباپلارنىڭ بىرى، ئۇ 26 يېشىدا هىندىستانغا بېرىپ مۇقەددەس نومنى ئېلىپ كېلىشكە بەل باغلىغان، 17 يىل زىيارەتلىك ساياهەت قىلىپ ئاخىرى 657 جىلد بۇددا نوم - سۇترالىرىنى ئېلىپ كېلىپ، جوڭگو بىلەن هىندىستاننىڭ مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا كىشىنى هەيران قالدۇرغىدەك توهپە ياراتقان. شۇەن جۇاڭنىڭ غەرپكە ساياهات قىلغانلىغى توغرىسىدىكى هىكايىلار ئەل ئارىسىغا تارقىلىش جەريانىدا بارا - بارا شۇەن جۇاڭنىڭ رىيال ئىش ئىزلىرىدىن يىراقلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا پۇتۇنلەي پەرىشتىلەر ۋە ئالۋاستىلار هەققىدىكى ئاجايىپ قىزىقارلىق خىيالى هىكايىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. «غەرپكە ساياهات» رومانى ئۇچۇن ئاساس قىلىنغان نۇسخا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، يۇەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن «تاڭ دەۋرىدىكى سەنزاڭ (sən zang) نىڭ مۇقەددەس كىتاپنى ئېلىپ كېلىشى هەققىدىكى نەزمىلەر» دىگەن قىسسە بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇڭ ۋۇكۇڭ توغرىسىدىكى ئەپسانە رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان. لۇشۇن ئەپەندى «خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ۋۇجى چىنى سۇڭ خىشاڭ (سۇن ۋۇكوڭ) نىڭ ئەسلى قىياپىتى»، ⑳-

دەپ كورسەتكەن.

دىمەك، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ ... دېمەك، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن ۋۇ چېڭئېننىڭ «غەرپكە ساياھەت» دىگەن ئەسىرىدە، ئۇزۇندىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە پەيدا بولغان خەلق رىۋايەتلىرى ۋە ئەلنەغمە تىپىدىكى غەرپكە ساياھەت توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۇزلەشتۈرگەنلىكى نەتىجىسىدە تىپىك دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئاجايىپ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك رومانلىرى ئىچىدە رومانتىزىملىق مەشھۇر ئەسەر بولۇپ قالدى. خۇددى گوركى ئېيتقاندەك، زېھنى خەلق ياراتتى، فىساغورۇس ئۇنى چوڭ مەرمەر تاشقا ئويۇپ چىقتى».

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبىياتىدىكى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە شانلىق ئوبرازلارمۇ ئۇزىدىن بۇرۇن خەلقنىڭ ئىجادىيىتىدە بارلىققا كەلگەنلىكى شۈبھىسىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنى مىراسلىرىدىن بىرى بولغان «ئوغۇز نامە» داستانى ھازىر مەلۇم بولۇشىچە 13 - ئەسىردە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن تۇرپاندا كوچۇرۇلگەن. لېكىن يازما نۇسخا ھالىتىگە كېلىشتىن خېلى بۇرۇن ئوغۇزخان ھەققىدىكى بۇ قىسسە قېدىمقى زامانلاردىن تارتىپلا خەلق ئارىسىدىكى بىر رىۋايەت سۈپىتىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۇپ، ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردە شۇ دەۋرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇزىگە سىڭدۇرۇپ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ پىشقان ۋە ئوغۇزخان ئوبرازى تېخىمۇ تىپىك خاراكتېر ئالغان. شۇنداق قىلىپ ئوغۇزخاندىن ئىبارەت بۇ تارىخي شەخس تەدرىجى ھالدا غايىۋى تىپىك ئوبرازغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ناۋايىنىڭ پاساھەتلىك قەلىمى ئاستىدا «خەمسە» ئىچىدىن ئورۇن ئېلىپ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋاپادار ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ تىپىك ئوبرازلىرى پەرھات بىلەن شىرىن، لەيلى بىلەن مەجنۇن ۋە كېيىنچىرەك نىزارى قاتارلىق داڭدار شائىرلارنىڭ مۇھەببەت داستانلىرىدا كۈيلەنگەن «ۋامۇق بىلەن ھۇزرا»، «مەسئۇت بىلەن دىلارا» قاتارلىقلار قوشۇلۇپ، خەلق ئارىسىدا ئۇزۇندىن ساقلىنىپ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر ئەدىبىياتىنىڭ ئۆلمەس مەزمۇنى بولۇپ شەكىللەندى. ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرققە تونۇش بولغان بۇ 7 جۇپ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئەسلى پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا ئالدى بىلەن شەرق فولكلورىدا ئىجاد قىلىنغان ئاجايىپ سەلتەنەتلىك تىپلار بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە خەلقىمىزنىڭ رىيال ئىجتىمائى جەمىيەت ھەققىدىكى كوز قاراشلىرىنى، گۇزەل ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى، ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىققا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى ئۇزىگە مۇجەسسەملەندۈرگەن دىيىشكە بولىدۇ.

بولۇپمۇ كەڭرەك ئومۇملاشقان مۇزىكىلىق داستان «غېرىپ - سەنەم» نى ئالساق، تارىخي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا (10 - ئەسىر ئەتراپىدا) پەيدا بولغان، ئۇ شۇندىن بۇيان 10 نەچچە ئەسىرلىك

تارىخىي جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، كۆپلىگەن نامسىز يازغۇچى - شائىرلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نادىر نەمۇنىسىغا ئايلانغان. ئادەتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «غېرىپ - سەنەم» نىڭ بىرەر ناخشىسىنى بىلمەيدىغان ياكى بۇ ساداقەتمەن، ۋاپادار ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغانلار كەم دېيىشمۇ بولىدۇ. ئەنە شۇنداق كەڭ ئومۇملىشىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭدىكى غېرىپ ۋە سەنەم ئوبرازلىرى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى ۋە غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەندۈرگەن ھەمدە رېئالىزىم بىلەن رومانتىزملىق روھ بىر - بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغانلىقىدىن بولغان.

خۇلاسىلىغاندا، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتا قىلغاندا، ئۇنىڭدىن يارىتىلغان يارقىن بەدىئىي ئوبرازلار، ئەھمىيەتلىك ئالەمشۇمۇل تېمىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېگىدەك ئالدى بىلەن شۇ خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ھېكايىلىرىدا يارىتىلىپ، ئۇ ئارقىلىق كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە خەلق ئارىسىغا قايتقان. شۇنداق قىلىپ ئۈزلۈكسىز ھالدا خەلق كوللېكتىۋىنىڭ قايتا - قايتا پىششىقلىشى نەتىجىسىدە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بەدىئىي تېپىقا ئايلىنىپ، سەنئەت گۈلزارلىقىنىڭ ئۆچمەس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان.

## ئۈچىنچى، بەدىئىي ئالاھىدىلىك ۋە ئۇنىڭ تەسىرى جەھەتتە

ئەزەلدىن تارتىپ يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي شەكىل، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، بەدىئىي ئۇسلۇب قاتارلىق تەرەپلەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق سەنئەتنىڭ يۇقۇرى چوققىسىغا چىققانلىقىدەك بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ.

دەرۋەقە، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ يازما ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان ھەر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، مىللىي ئەدەبىياتنى شەكىللەندۈرگەن بۇ بەدىئىي ئالامەتلەر شۇ خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر قەدەر رونۇق تاپقان شېئىرىيەت ژانىرىنى ئالايلى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، ئوبراز يارىتىش شەكلى، تىل خۇسۇسىيىتى قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلىرى ئاساسىدا كۆپ خىل تۈر ۋە رەڭمۇ - رەڭ بەدىئىي شەكىللەرگە ئىگە بولغان. بۇ تۈر ۋە شەكىللەر ئەسلىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرى بولۇپ، ئەدىبلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يازما شېئىرىيەتكە ئۆزلەشكەن ۋە راۋاجلانغان. قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىن-

لەنگەن ئۆلگىلىرى ئىچىدە لىرىك ۋە ئېپىك قوشاقلارنىڭ نەمۇنىلىرىمۇ، تەبىئەت سۈرەتلەنگەن پېيزاژ قوشاقلىرىمۇ، «ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسى»غا ئوخشاش ھەجۋى قوشاقلارمۇ، مەدھىيە، ساقىنامە، قەسىدە ھەمدە بارماق ۋەزنىدىكى قوشاقلار، ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىر - قوشاقلارمۇ ... ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭدا بوغۇم سانى جەھەتتىن 5 لىكتىن تارتىپ 12 لىككىچە بولغان قوشاقلارنىڭ ئۆلگىسى تېپىلىدۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بولسا، يەنىمۇ كۆپ خىل شەكىللەر، رەڭمۇ - رەڭ بەدىئى ۋاستىلار جارى قىلدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئى شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى تەمىنات ئىسكىلاتى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى قانداقتۇر «ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەپ پوئېزىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن پەيدا بولغان» دېگەندەك غەيرى قاراشلارنىڭ زادىلا يوق تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، بەلكى بۇ ۋەزنىمۇ ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىك شەكلى سۈپىتىدە خەلق قوشاقلىرىدا قەدىمدىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى (گەرچە «ئارۇز» دەپ ئاتالمىسىمۇ) مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەدەبىي شەكىل مۇتلەق ھالدىكى ئۆزگەرمەس ئۆلۈك مۇردا بولماستىن، ئۇ دەۋر، مەزمۇنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ئەنئەنىۋىي مىللىي شەكىلنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ھەر خىل شەكىللەرمۇ كلاسسىك يازغۇچىلار - شائىرلار تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەنلىكى ۋە راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز.

«دىۋان»دىكى قوشاقلاردا كۆپرەك ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەجەز، رەمەل، ھەجەز قاتارلىق بىر قانچە بەھرىلىرى ئۇچرايدۇ، «چاغاتاي دەۋر» ئەدەبىياتىدا بولۇپمۇ ناۋائىينىڭ شېئىرىيەت بابىدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا مەۋجۇت بولغان يوقۇرقىدەك بەھرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇپ «ئىلمىي ئارۇز» دائىيىت قىلىنغان بەھرىلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي مىساللار كىتاپخانلارغا بىر قەدەر ئايدىڭ بولغاچقا، قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

بەدىئى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ھەر خىل مەجازى ۋاستىلارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تەدبىقلىنىش ئالاھىدىلىكىمۇ ئۆز ئارا ئەنئەنىۋىي تەسىر كۆرسىتىشتىن خالى ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن مۇزىكىلىق سۆز سەنئىتى بولۇپ، ئۇ يۈكسەك ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭدا بەدىئى ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرگۈچى تەسۋىرى ۋاستىلار

خىلمۇ - خىل بولۇپ، ئۇزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن
مۇددەتلىك ماددى تۇرمۇش شارائىتى (تەبىئى شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى)
ھەمدە شۇ ئاساستا تۇغۇلغان ۋە تەرەققى قىلغان مەنىۋىي خۇسۇسىيەتلىرى، تەبىئەت
تۇغرىسىدىكى پەلسەپىلىك ۋە ئېستېتىكىلىق كوز قاراشلىرى، ئۇرپ - ئادەت ئالاھىدىلىك-
لىرى، ئۇرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقات ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى
بىلەن ھەر خىل سىمۋوللۇق ۋاستىلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن
چوڭقۇر ئىجتىمائى مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ كەلگەن، بۇ جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق قوشاق-
لىرىنى سىمۋوللۇق ئەدەبىيات دېيىلسە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى
ئىجتىمائى پىكىرلەرنىڭ مۇتلەق كوپچىلىكىنى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان سىمۋوللۇق
ئىبارىلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سىمۋولىستىك
ۋاستىلار رۇشەن مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق زامانلار
مابەينىدە شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋىي قاراشلىرى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇسى بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەر
باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللاشتۇرۇش ئوبيېكتلىرىدىن مەلۇم
نۇقتىلاردا پەرقلىنىدۇ (ھەممىسى ئەمەس، ئەلۋەتتە). ئادەتتە، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى-
دا قىزىلگۈل دائىم سۆيۈملۈك يارنىڭ، خوشاللىقنىڭ، بەختنىڭ سىمۋولى قىلىنىدىغان،
بۇلبۇل بولسا، ئاشۇ سۆيۈملۈك مەشۇقنىڭ (قىزىلگۈلنىڭ) سادىق شەيداسىنىڭ سىمۋول-
لۇق ئوبرازى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھوقۇش ۋەيرانچىلىقنىڭ، شۇملۇقنىڭ، قاراڭغۇ
زۇلمەتنىڭ سىمۋولى. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا قاراڭغۇلۇقنى، ۋەيرانلىقنى
تىلىنگۈچىلەرنى ھوقۇشقا ئوخشىتىدۇ، ئۇندىن باشقا لەيلى قازاق، يىكەن چېچەكنى
(ئۇجۇل) خەلق قوشاقلىرىدا ياسانچۇق، چىدامسىز، ئومرى قىسقا مۇھەببەتنىڭ سىمۋو-
لى قىلىنغان، يۇلتۇز — بەختنىڭ، قارىغاي، قارىياغاچ — چىدامىلىقنىڭ، قىزىل رەڭ -
خوشاللىقنىڭ، ئاق — ساپلىق ۋە قۇتلۇقنىڭ، سېرىق — پەرىشانلىق، غەمكىنلىكنىڭ،
قالىغاچ — دوستلۇقنىڭ، ئىلان — دۈشمەننىڭ، ھوپۇپ — چېقىمچى، ھەسەتخورنىڭ ئەج-
دىھا — ياۋۇزلۇقنىڭ، كاككۇك بىلەن زەينەپ — ئوز ۋىسالىغا يېتەلمىگەن سادىقتىمەن
ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇيغۇر خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، بەزىلىرى باشقا خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيا-
تىدىكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەر بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئى ئىپادىلەش ئەنئەنىسى سۈپىتىدە كىلاسسىك ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كىرگەن. بىز يەنە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىن ئوخشىتىش،
سىمۋولى، مېتافورا، مېتونومىيە، ئېپىتېت، ئېفېمىزىم، جانلاندۇرۇش قاتارلىق مەجازى
ۋاستىلارنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئۈلگىلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

ئېۋرىق باشى قازلايىۋ

ساغداق تولۇكوزلەيۇ

ساقىنچ قوزى كىزلەيۇ

تۈن - كۈن بىلەسەۋنەلىم

مەزمۇنى: (ئىۋرىق بوينى غازغا ئوخشايدۇ

لىق تولغان قەدەھ كوزگە ئوخشايدۇ

قايغۇ گويا ئۇنىڭ تىگىگە كومۇلدى

كېچە - كۈندۈز شاتلىنايلى)

ياراتتى ياشىل چەش

ساۋۇردى ئۈرۈگقاش

تىزىلدى قارا قۇش

تۈن - كۈن يۈزە يۈركە ئۈر

مەزمۇنى: (ئاسمانىنى خۇددى زۇمرەتتەك گۈزەل ياراتتى - يۇ،

ئۈستىگە يورۇگقاش (قاشتېشى، ئۈنچە مەرۋايىت) نى

چاچتى ۋە قاراش (تارازا - مىزان) يۇلتۇزىنى تىزدى،

تۈن پەردىسىنى كۈن ئۈستىگە ياپتى)

«دىۋان» ئىچىدىكى بۇ قوشاقلاردا سىمۋول ئارقىلىق چوڭقۇر پەلسەپۋى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇنداق مىساللار ھازىرغىچە خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشا - قوشاقلار ئىچىدە ناھايىتى كوپ ئۇچرايدۇ. ئەنە شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتى بەدىئى ۋاستىلار جەھەتتە خەلق قوشاقلىرىدىكى بۇ خىل سېھرى كۈچكە ئىگە گۈزەل ۋاستىلاردىن بەھرىلىك ئوزۇقلىنىپ شېرىيەت دۇنياسىدا شوھرەت تاپقان. مىسال ئۈچۈن پەقەت «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىكى مۇنۇ پارچىلارنى كورسەك كۇپايە.

ئىرنىچىغ قىشىغ سۈردى يازقى ئەسىن

ياروۇغ ياز يانا قۇردى دەۋلەت ياسىن

ئېپىسىزىم

(مەنىسى - باھار شامىلى كورۈمسىز قىشنى ھەيدىدى

نۇرلۇق باھار دولەت ئوقياسىنى بەتلىدى)

قالىق قاشى تۇگدى، كوزى ياش ساچار.

مىتافورا

چېچەك يازدى يۈز، كور، كولەر قاتغۇرار

ئېپىتىت

(مەنىسى - ئاسمان قاپىقىنى تۈرۈپ كۆزىدىن ياش تۆكتى
كۆرگىنىكى، چېچەكلەر گۈل ئېچىپ، قاھ - قاھلاپ كۈلدى.)

(«قۇتادغۇ بىلىك» دىن)

ياكى

كۆزۈڭ نەرگىس، ئۈزارىڭ گۈل، قەددىڭ سەرۋى، ساچىڭ سۇمبۇل

└──── ئوخشىتىش ────┘

بوزرغ كوڭلۈم خىيالىدىن بۇلارنىڭ تورفەباغ ئولمىش

└── سىمۋول ──┘

(«ناۋايى» غەزەللىرىدىن)

بۇ خىل مەجازى ۋاستىلارنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئىپادىلىنىش شەكلى بىلەن خەلق قوشاقلىرىدا كەڭ جارى قىلىنغان تەسۋىرىي ۋاستىلار مەنتىق جەھەتتىن زىچ باغلىنىشچانلىققا ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي شەكىل جەھەتتە كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا بولغان ئاكتىپ تەسىرىنى تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىدىن تېخىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئاتاغلىق شائىرلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىن ئۇزۇن يىللار داۋامىدا تاۋلانغان ۋە تاللانغان سۆز گۆھەرلىرىنى تاللاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق خەلق تىلىنىڭ غايەت زور كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ. رۇس ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئۇستازى پۇشكىن كۆپ قېتىم مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەدەبىيات پەقەت خەلق قوشاقلىرى قان بىلەن گۆشتەك زىچ بىرلەشكەندىلا، ئاندىن گۈللەپ ياشنايدۇ، يازغۇچى پەقەت خەلق سەنئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا ئاندىن خەلقنىڭ تىل سەنئىتىنى ئىگەللىيەلەيدۇ.»㉑ دەرۋەقە، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا شۆھرەت تاپقان يازغۇچى شائىرلارنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتە خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان جانلىق، ئوبرازلىق، ئىپادىلەش كۈچى يۇقىرى تىل جەۋھەرلىرىنى تېرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ گەۋدىلىك بولغىنى، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تاۋلىنىپ يۇغۇرۇلغان تىل جەۋھىرى ھېساپلانغان خەلقنىڭ ماقال - تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىك ئىبارىلىرىدىن كىلاسسىك شائىرلىرىمىز ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاممىباپلىققا ۋە ئىخچاملىققا ئىگە قىلغان. شېئىرىي مەزمۇنىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغان ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغان:

«ئوقۇشلۇغ ئۇقار ئول، بىلىگكە بىلىر
بىلىگلىگ، ئوقۇغلى تىلەككە تېگىر»

ئوقۇش① كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سوز،

① ئوقۇش - ئەقىل، ئىدراك

كىشى كۆركى يۈز ئول، بويۇز كۆركى كۆز.
(«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىن)

ئاياقىڭغا تۆشەر ھەر لەھزە گېسۇ②،
مەسەلە ۋەركىم: «چىراق توبى قاراڭغۇ»
كۆزۈڭ قانىمىدىن ئەيمەنمەس ئەجەبدۇر
كى: «قورقار قايداكىم قان كۆرسە ھىندۇ③.
(«لۇتفى غەزەللىرى» دىن)

غۇربەتتە غەرىب شادىمان بولماس ئىمىش،
ئەل ساڭا مۇشفىق، مېھرىبان بولماس ئىمىش
ئالتۇن قەپەز ئىچىدە گەر قىزىلگۈل بولسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.
(«ناۋايى رۇبائىلىرى» دىن)

ئۆرنەك ئۈچۈن ئېلىنغان بۇ شېئىرىي پارچىلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز دەۋرىدىكى خەلقنىڭ ماقال-تەمسىللىرى ۋە ئەقلىيە سۆزلىرى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە قىلغان.

خەلقنىڭ ماقال-تەمسىللىرى كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ قايمىقى بولغاچقا، كىلاسسىك يازغۇچىلار ئىجادىي پىكىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋە ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسىدىنى توغرا ۋە ئوبرازلىق ھالدا ئىزاھلاپ كىشىلەردە ئېستېتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە ھامان ماقال-تەمسىللەرگە مۇراجىئەت قىلماي قالمايدۇ. پۇرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى لېنىن خەلق ماقال-تەمسىللىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ: «..... ناھايىتى ئىسىل، ناھايىتى ياخشى، ئەنە شۇلاردىن يازغۇچىلىرىمىز ئۆگەنسىلە، بىر جۈملە بىلەن پارە-پارە قىلىپ تاشلايدىغۇ..... چوڭ بولغان ماقال ۋە تەمسىللەر توپلىمىنى تۈزۈش كېرەك، بۇ بولسا يازغۇچىلىرىمىز ۋە ناتىقلىرىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر خەزىنە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ» ㉒ دېگەن ئىدى. م. گوركىمۇ ماقال-تەمسىللەرنى بەدىئىي ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى شەرھلەپ: «ئەنە شۇ ئۇلۇغ دانالىق سۆزنىڭ ساددىلىقىدادۇر، ماقال-تەمسىللەر دائىم قىسقا بولىدۇ، ئۇلاردا پۈتۈن-پۈتۈن كىتابلار مەزمۇنىغا تەڭ كېلىدىغان پىكىر ۋە سەزگۈلەر مۇجەسسەم بولۇپ تۇرىدۇ» ㉓ دېگەن ئىدى. ھەقىقەتەن، ياخشى تاللانغان ۋە جايىدا قوللىنىلغان ماقال-تەمسىللەر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن خۇددى «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دەك مەنا ۋە شەۋكەت بېغىشلايدۇ.

دېمەك، دۇنيانىڭ پوئېزىيە تارىخىدا خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى

② گېسۇ - ئۆرۈمە ئۇزۇن چاچ.
③ ھىندۇ - ئوتتۇرا ئەسىردە «ھىندۇلار قاندىن قورقىدۇ» دېگەن تەمسىل بار.

ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئەسەر يازغان شائىر بولمىغىنىدەك، ئۇيغۇر يازما شېئىرىيەت تارىخىدىمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە (تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) بولغان ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرمەي تۇرۇپ نەتىجىلىك ئەسەر ئىجاد قىلغان شائىرلارنى ئۇچرىتىش قىيىن.

مەيلى قانچىلىك تالانتلىق يازغۇچى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ تىل خەزىنىسىدىن ئايرىلالمايدۇ، «تىل سەنئىتىنىڭ تۈگۈنى خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە» (گوركىي) يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ خەلق ئېغىز سەنئىتىدىن ئايرىلىشى خۇددى ئىنسانلارنىڭ ھاۋا ۋە سۇدىن ئايرىلغىنىغا ئوخشاش. مانا بۇلار يازما ئەدەبىيات تارىخىدا يەكۈنلەشكە تېگىشلىك بىر قانۇنىيەت.

× × ×

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كلاسسىك يازما ئەدەبىيات ئۆزئارا دىيالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىگە ئىگە دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭمۇ خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا بولغان ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولغان رەڭگا-رەڭ، مول ۋەسىقىلىرىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان ئىزچىل ھالدا داۋاملىشىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىشىنىڭ سەۋەپلىرى بىر تەرەپتىن ئالغاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئۇزۇنغا سوزۇلۇش خاراكتېرىگە باغلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كلاسسىك يازغۇچى-ئەدىپلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ يازما مىراسقا ئايلاندۇرۇپ بەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەقىقەتەن، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى يۈكسەك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغان ناھايىتى كۆپ ئېغىز ئەدەبىيات ماتېرىياللىرى ئەدىپلەرنىڭ خاتىرىلىشى ۋە رەتلىشى بىلەن ساقلىنىپ مەدەنىيەت خەزىنىمىز ئىچىدىن ئورۇن ئالغان، بۇ ھال يازما ئەدەبىياتقا بولغان ئاكتىپ تەسىرنى توغرا مۆلچەرلەش ۋە ئېتىراپ قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن قەدىمقى كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېكسپىلاتاتورلار سىنىپىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئېكسپىلاتاتورلار سىنىپىنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭ فورمىسى مەۋجۇت بولىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە: «ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى ھەربىر دەۋرنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئىدىيە ئورنىدا تۇرىدۇ» ㉓ شۇ سەۋەپتىن كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ بەزىلىرىدە ماتېرىيالىستىك كۆزقاراشنىڭ كاملىقىدىن، خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى تاللاش، رەتلەش جەريانلىرىدا، جەۋھىرى بىلەن شاكىلىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشتىن خالىي بولالمىغان. شۇڭا فېئوداللىزم دەۋرىدىكى ئەدىپلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن (رەتلەنگەن) ئېغىز ئەدەبىياتى

ئۇزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىدىيىۋى سالپىتى ۋە سەنئەت گۈزەللىكلىرىنى بەزىدە يوقۇتۇش، ئاخىرلاشتۇرۇشتەك ئەھۋاللارمۇ سادىر بولغان. ھەتتا بەزى فېئوداللىق ئىدىيىدىكى ئەدىپلەر مەقسەتلىك ھالدا ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش قەستىدە ھېچىشە خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغان. لۇشۈن ئەپەندى بۇ ھەقتە توختۇلۇپ: «ئوقۇمۇشلۇق تۆرىلەر دايىم خەلق ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى تارتىۋېلىپ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى يازما ئەدەبىياتقا ئۆزگەرتىپ، يوقسۇل ئائىلىنىڭ بوۋىتايلىق قىزىنى كىچىك خوتۇن قىلىۋالىدۇ.» [25] دەپ بۇ خىل ئەھۋالنى غەزەپ بىلەن ئېيىپلىغان ئىدى. بۇ ھەقتىكى ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلار ۋە مىساللار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا دىگۈدەك ئۇچرايدۇ، بۇ ئۆتمۈش دەۋردىكى بىر خىل ئومۇميۈزلۈك ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىنەزەر بويىچە داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بۇرمىلىنىۋېتىلگەن ياكى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى پەقەت قېدىمقى جەمئىيەتلەردىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولماستىن، بۈنداق ئەھۋاللار يەنە ھازىرمۇ بار. ماركسىزم - لېنىنىزم مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا ئوسۇپ يېتىلگەن يازغۇچىلارنىڭ خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئۆتمۈشكە قارىغاندا تۈپتىن ئۆزگىرىش بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئازاتلىقتىن كېيىنكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىدا يەنىلا ئۇچرىشىدىغان دەرىجىدە خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ھېكايىلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىش، «چاپىنىنى ئالماشتۇرماي دەپ جىنىتاق قىلىپ قويۇش» تەك چاكىنا خاھىش يۈز بەرمەكتە، ئۇلار بۇنەرسىلەرنىگە نەزىرىيە جەھەتتىن قانداق ئاساس تېپىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەمەلىيەت جەھەتتە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھامان تارىخىي ماتېرىيالىزمغا خىلاپ.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق يازغۇچى ئەگەر قايتا ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەتلىكە ئېرىشمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزملىق سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ ئېقىل - پاراسىتىنى ئەستايىدىل ھالدا كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشتىن باشلىشى زورۇر.

خۇلاسىلىغاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى تەرەپلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىلىق قانۇنىيەتلىك كۆزقاراشقا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1- ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئاساسەن شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئاغزاكى ئەدەبىياتى

رىنىڭ باي ۋە خىلمۇ-خىل بولۇش-بولماسلىقى، شۇنداقلا خوشنا مىللەت ۋە دۆلەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنىڭ بار-يوقلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

2- خەلق يازغۇچىسىنىڭ ئانىسى، تارىختىكى بارلىق تالانتلىق يازغۇچىلارنىڭ سەنئەتكارلىق ھاياتى كۈچى — ئۇلارنىڭ خەلق ۋە خەلق ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ ئېقىپ تۈگىمەيدىغان مول سۈتىنى تويغىچە ئىچكەنلىكىدە شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن قان ۋە گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىدا. ئەگەر بۇ خىل مۇناسىۋەتكە سەل قارالسا ياكى ئۈزۈپ تاشلانسا، ئۇلارنىڭ سەنئەتكارلىق ھاياتى ماغدىرىدىن كېتىدۇ، يولداش ماۋزېدۇڭ: «پۇرولېتارىيات بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ خەلققە بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى تەكشۈرۈش تارىختا ئىلغار ئەھمىيىتى بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاندىن ئايرىم ھالدا ئوخشىمىغان پوزىتسىيە قوللىنىشى لازىم» ㉖ دەپ كۆرسەتكەن ئىدى، بىر يازغۇچىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى دەل ئۇلارنىڭ خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرىدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى.

3- خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداق قىلىپ سەنئەتنىڭ يېڭى چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن، بىر سىياسىي دېموكراتىيىدىن ئىبارەت شەرتنىڭ بولۇشى زۆرۈر. پەقەت سوتسىيالىزم شارائىتىدىلا ئىككى خىل ئەدەبىيات ئۆزلىرىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىق ھالىتىنى ئاندىن ئۈزۈل-كېسىل تۈگىتىپ، ئۆز ئارا بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلىنىش ۋە گۈللىنىشكە ئېرىشەلەيدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خۇددى غايەت چوڭ بىر ئېقىنغا ئوخشاش، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان خەلقنىڭ ھەيۋەتلىك ئاغزاكى ئېقىنىدا ئېقىپ كەلمەكتە، ئۆتمۈش جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى ئاستىدا بۇ زور ئېقىننىڭ بەزى تارماقلىرى توسۇلۇپ قالغانلىقىدىن ياكى ھەر خىل لاۋالاتقىلار ئارىلىشىپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولغىنىش يۈز بەرگەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئاخىرقى ھېسابتا ئېقىپ تۈگىمەس بۇ زور ئېقىننىڭ ھەيۋەت بىلەن ئۆركەش ياساپ چوڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇشىنى توسۇپ قېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، كالىنىن: «خەلق گويا ئالتۇن چايقىغۇچىلار، ئۇلارنىڭ تاللاپ ئالغىنى، ساقلاۋاتقىنى، تارقىتىۋاتقىنى ھەممە نەچچە مىليون يىللار جەريانىدا يۇمشۇتۇپ (سىلىقداپ) بارغانلىرى پەقەتلا ئەڭ قىممەتلىك ئەڭ تالانتلىق نەرسىلەردۇر» ㉗ دېگەن ئىدى، ھەقىقەتەن خەلق ئەڭ نوپۇزلۇق ئىجادىيەتچى، باھالىغۇچى ۋە تەنقىتچىدۇر.

بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ زور ئېقىننىڭ لاۋا-

لاتقىلىرىنى تازىلاش، بۇ ئۇلۇق ئىشنىڭ تۈگىمەس مول ئوزۇغىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى توسالغۇسىز، بىمالال ئاقىدىغان قايىنام - تاشقىنغا ئايلاندۇرۇپ، خەلق سەنئىتىنىڭ مۇنە بەت ئىپتىزلىرىنى يەنىمۇ ياخشى سۇغۇرۇشتىن ئىبارەت. يىراقنى كورۇشكە ماھىر بولغان ئىجتىماتلىق خەلق يازغۇچىلىرى بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاڭلىق ھالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت مۇشۇ زور ئىشقىغا كىرىش ۋە ئۇنىڭدىن قانغىچە ئوزۇقلىنىشى، شۇ ئاساستا دەۋرىمىزگە مۇناسىپ بولغان، خەلق ياخشى كورىدىغان ئولمەس، ئۇلۇق ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىپ چىقىشى لازىم.

---

ئىزاھاتلار

① كوڭزىنىڭ «لۇنيۇ» كىتاۋىغا قارالسۇن.

② ب. چىچىلوپ: «ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى»، «سوۋېت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى 258 - بەت.

③ م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» — «كەنت تارىخى»، «خەلق ئەدەبىياتى ژورنىلى» نەشرىياتىنىڭ 1978 - يىل 1 - سان 151 - بەت.

④ م. گوركى: «شەخسىيەتچىلىكنىڭ ھالاكىتى»، «سوۋېت خەلق ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى» 74 - بەت.

⑤ ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە دولەتنىڭ پەيدا بولۇشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم 160 - بەت.

⑥ گومورو: «بىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسىدىمىز» «خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت مەجمۇئەسى» نىڭ 1 - قىسمى.

⑦ ترويا - كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي - شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى خېللېس پونت بوغىزىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىغا جايلاشقان. ئۇ مۇھىم دېڭىز قاتنىشى توگۈنى ۋە باي، ئاۋات شەھەر. ترويا ئۇرۇشى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1194 - يىلى باشلىنىپ، مىلادىدىن ئىلگىركى 1184 - يىلى يۇنانلىقلار تەرىپىدىن ئىېلىنغانىمىش.

⑧ «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرىدىكى يۇنان - رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدا ھىكايىلەر» گىبى باۋچۇەن تۈزگەن. مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى 192 - بەت

⑨ ئودىسسىيا - يۇنانچە يېزىلىشى "odusseus". ئۇ « ئودۇسسىيۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» دىگەن مەنىنى بىردۇ. ئودىسسىياگرېك يىرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئىدىكا ئارىلىنىڭ پادىشاسى.

ف. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» خەنزۇچە نەشرى 59 - 104 - بەتلەر، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» دىكى «يۇنان - رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدا ھىكايىلار» ئۇيغۇرچە نەشرى 204 - بەت «ئودىسسىيانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» گە قاراڭسۇن.

⑩ «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى». خەنزۇچە نەشرى 2 - توم، 113 - بەت.

⑪ سۇن زوپۇنىڭ «تەڭرىگە سوراق» دىن باشلانغان يازدىكى دولەت قۇزۇلۇش تارىخىغا نەزەر»، «نۇر گېزىتى» نىڭ 1978 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى سانىغا قاراڭسۇن.

⑫ «يۇيفۇ قوشاقلىرى» — «يۇيفۇ» — غەربىي خەن دەۋرىدىكى بىر ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ نامى، بۇ مەھكىمە ئەينى دەۋردە خەلقنىڭ قوشاقلىرى ۋە ناخشا - مۇزىكىلىرىنى توپلاشقا مەسئۇل بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قوشاقلارنى توپلىغان. مۇشۇ مەھكىمىگە توپلانغان قوشاقلار تارىختا «يۇيفۇ قوشاقلىرى» دەپ ئاتالغان.

⑬ كارتېس: «جۇڭگودا مەتبەنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى»

⑭ فارابى تەرىپىدىن ئىسلام تېئولوگىيىسى — «كالام تەلىماتى» غا زىت ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەبىئەت پەلسەپىسى، ئالدىم نەزىرىيىسى، بىلىش نەزىرىيىسى، مەنتىقە ۋە ئىجتىمائىي پەلسەپە، ئەركىن تەپەككۇر ۋە راتسىونالىزىم قاتارلىق بىر پۈتۈن ئىزچىل تەلىمات ئىلىم دۇنياسىدا فارابىزىم دەپ ئاتالدى.

⑮ «مۇھەببەت داستانلىرى» — ئوز ئىچىگە «رابىئە - سەئىدىن»، «ۋامۇق ھوزرا»، «مەھزۇن - گۈلنىسا»، «مەسئۇت - دىلارا»، «چاھار - دەرۋىش» (ئۇنىڭ ئىچىدە بەش كىچىك داستان بار) «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «بەھرام - گور»...... قاتارلىق 18 داستاندىن ئىبارەت. جەمئىي 48 مىڭ مىسرا.

⑯ م. گوركى: «شەخسىيەتچىلىكنىڭ ھالاكىتى»، «سوۋېت خەلق ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى» 74 - بەت.

⑰ سېرۋانتېس — (مىلادى 1616 - 1574) ئاتاغلىق ئىسپانىيە يازغۇچىسى. دون كىخوت سېرۋانتېسنىڭ شۇ ناملىق رومانىدىكى باش قەھرىمان، ئۇ ساۋارىلارنىڭ ھىكايىلىرىنى ئوقۇشقا مەپتۇن بولغان مۇرەۋۋەتلىك چەۋەنداز بولۇپ، نۇرغۇن تېتىقسىز، كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلغان.

⑱ شېكسپىر (مىلادى 1616 - 1564) - ئەنگلىيىنىڭ ئۇلۇق دىراماتورگى. ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى غەلىبىلەرنى ئەڭ يۇقۇرى كوتەرگۈچى داھىي يازغۇچىدۇر.

⑲ گېيوتې - (1749 - 1832) گېرمانىيىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر يازغۇچىسى «فائۇست» ئۇنىڭ ئەڭ يىرىك ئەمگەكلىرىنىڭ بىرسى. بۇ ئەسەر شېئىرى شەكىل بىلەن يېزىلغان فىلوسوفىيىلىك تىراگېدىيە بولۇپ، 1773 - يىلىدىن 1831 - يىلىغىچە جەمئى 58 يىل ئىچىدە يېزىپ تاماملىغان. بۇ ئەسەرنىڭ ماتېرىيالى 16 - ئەسىردە غەربىي ياۋروپادا تارقىلىپ يۈرگەن خەلق رىۋايەتلىرىدىن ئىبارەت.

⑳ ۋىكتور گيوگو (1802 - 1885) فرانسىيىنىڭ ئۇلۇغ رومانتىك يازغۇچىسى. پارىژ كوممۇنىستىك ئىشتىراكچىسى.

㉑ لۇشۈن: «جۇڭگو رومانچىلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «لۇشۈن توپلاملىرى» 8 - قىسىم. 64 - 67 - بەتلەرگە قارالسۇن.

㉒ «پۇشكىن ۋە خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى»، «سوۋېت خەلق ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى» 121 - بەت.

㉓ «لېنىن ئەسەرلىرى» 20 - توم 299 - بەت.

㉔ «ئۆزبېك ماقال - تەمسىللىرى» تاشكەنت 1960 - يىل نەشرى كىرىش سۆز

㉕ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم 52 - بەت.

㉖ «لۇشۈن ئەسەرلىرى توپلىمى» 5 - توم 464 - بەت.

㉗ ماۋزېدۇڭ: «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق». «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 826 - بەت.

㉘ «كالىنىن ئەدەبىيات توغرىسىدا». شاڭخەي يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى. 1955 - يىل نەشرى 174 - بەت

### ماقال - تەمسىللەر

"قۇلان قۇدۇققا تۈشسا
قۇرباقا ئايغىر بولۇر"

(قۇلان قۇدۇققا چۈشسە قۇرپايىقىمۇ ئايغىر بولىدۇ) ئەر، بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا نامەرتلەرنىڭ بوزەك قىلغىنىغا ئىتتىلىدۇ

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 - تومدىن.

يوقۇرقى ھېكمەتلىك سۆز، ماقال - تەمسىللەرنى ئابلىمىت روزى تەييارلىغان.

# 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى

چېن شيۇ، جېلىل

8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ قەدىمى ئورنى ئۈرۈمچى نەنلياڭ غالىبىيەت يول 2 - كوچىدىكى 1 - قورۇغا جايلاشقان (مۇقاۋىنىڭ ئاخىرىدىكى سۈرەتكە قارالسۇن). گىرانىت تاشتىن ياسالغان دەرۋازا تاختىسىغا: «8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ خاتىرە سارىيى. دۇڭ بىۋۇ بېغىشلىمىسى. 1974 - يىلى 6 - ئاي.» دېگەن خەت ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان. ھويلىنىڭ ئىچى تىك قەد كۆتىرىپ ئۆسكەن تېرەكلەر ۋە بۈك - باراخسان ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر بىلەن توشقان. بۇ يەرگە كەلگۈچىلەر جىددى كەيپىيات بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرمەي قالدۇرمايدۇ.

8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى 1937 - يىلى تەسىس قىلىنغان. 1938 - يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگو - رۇسسىيە ئارىلاشما پاسونىدا سېلىنغان مۇشۇ ئىككى قەۋەتلىك بىناغا كۆچۈپ كىرگەن ئىدى. بۇ بىنا ئەسلى شىنجاڭ چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى جاۋدىنشۇنىڭ 1933 - يىلى سالدۇرغان شەخسى ئولتۇراق جايى ئىدى. جاۋ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئۆي - جايى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. كېيىن بۇ جاي پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئايرىپ بېرىلىپ، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بولىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى مىلىتارىست (ئولكە دۇبەنى) شېڭ شىسەي يالغاندىن ئىلغار بولۇۋېلىپ، پارتىيىمىز بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. 1937 - يىلى پارتىيە مەركىزى كومىتېتى تېلىگراممىسى ئارقىلىق جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قىسمىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى شىنجاڭغا كىرىشكە يوليورۇق بىردى ۋە ھەم چېن يۈن تىڭ دەيىۋەن قاتارلىق يولداشلارنى شىڭشىڭشىياغا بېرىپ كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. كېڭىشىش ئارقىلىق شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇلدۇ. غەربى يول ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسمى رەتكە سېلىنىپ، باش شۆبە قىسىم قىلىنىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ قوشۇن سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەر

باتالىيونى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەم شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى دىخۇادا (يەنى بۈگۈنكى ئۈرۈمچىدە) «8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى» نى تەسىس قىلىش قارار قىلىنىدۇ.

8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ ۋەزىپىسى: پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىش، پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش؛ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ۋە ھەر قايسى تەبىقىلەردىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە توپلاشنى قانات يايدۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش، «يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى» غا رەھبەرلىك قىلىپ تۈرلۈك ھەربىي قىسىم مەشغۇلات تەلىم - تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ياردەملىشىپ سىياسىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش؛ خەلقارا قاتناش يولىنىڭ توسالغۇسىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ يەنئەن ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ئارىسىدا باردى - كەلدى قىلغان پارتىيىنىڭ كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى كۈتۈش، كېسەل ۋە مەجرۇھلارنى داۋالاش ھەم دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ دەسلەپكى مەسئۇلى يولداش چېن يۈن ئىدى. 1937 - يىلى 9 - ئايدا پارتىيە مەركىزى كومىتېتى يولداش دىڭ فانى (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى فاڭ لىڭ) يولداش چېن يۈننىڭ ئورنىغا ئەۋەتىدۇ. 1939 - يىلى 7 - ئايدا يەنە يولداش چېن تەنچيۇنى دىڭ فانىڭ ئورنىغا ئەۋەتىدۇ، چېن تەنچيۇ 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدىكى 3 - قېتىملىق پارتىيە ۋەكىلى بولىدۇ.

پارتىيىمىز شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى»، يەنئەن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەملىكىتىمىزگە قايتقان كادىرلاردىن جەمئىي يۈزدىن ئوشۇق كىشىنى ئاجرىتىپ شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشلىرىغا قاتناشتۇرۇدۇ. بۇ كىشىلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە ئاكتىپ خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بېرىدۇ.

1939 - يىلى يولداش جۇئېنلەي موسكۋاغا بېرىپ كېسىلىنى داۋالىتىپ، يولداش دىڭ يىڭچاۋ بىلەن بىللە يەنئەنگە قايتىش سەپىرىدە 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ ۋە پارتىيە ۋەكىلى يولداش دىڭ فانىڭ خىزمەت دوكلادىنى ئاڭلايدۇ ھەمدە شىنجاڭ خىزمىتى توغرۇلۇق مۇھىم يوليورۇق بېرىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ نۇرغۇن رەھبىرى كادىرلىرى ۋە خەلقارا دوستلارنىڭ تولىسى مۇشۇ يەردە تۇرغان ئىدى.

1941 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە «جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز» سەرلەۋھىلىك باشماقالا ئېلان قىلىپ يولداش ماۋزېدۇڭ ۋە جۇدېنىڭ سۈرىتىنى باسىدۇ. يولداش چېن تەنچيۇ پارتىيە ئەزالىرىنى 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا چاقىرتىپ خاتىرىلەش يىغىنى ئاچىدۇ. يىغىندا چېن تەنچيۇ پارتىيىمىزنىڭ شانلىق تارىخىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇ يولداشلارغا خاتىرە ئىسىناك تارقىتىپ بېرىدۇ. يىغىن پارتىيە مەركىزى كومىتېتىغا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللاپ پارتىيىگە بولغان ساداقەتلىك ھەم كۈرەش قىلىش قەسىمىنى ئىپادىلەيدۇ.

1942 - يىلى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت بارغانسېرى يامانلىشىدۇ. شېڭ شىسەي ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، يالغان نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ جياڭ جېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ كوممۇنىزىم ۋە خەلققە ئاشكارە قارشى تۇرىدۇ. شۇ يىلى 9 - ئايدا چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ ۋە شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان باشقا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خادىملىرىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە سولايدۇ. پارتىيىمىز بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىرلىكسەپى ئاخىرى بۇزۇلۇپ، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى شۇنىڭ بىلەن تاقىلىدۇ. چېن تەنچيۇ قاتارلىق يولداشلار دۈشمەنلەرنىڭ قورقۇتۇش ئالداشلىرىغا قارىتا مەردانىلىق بىلەن قاتتىق تۇرۇپ، ساداقەتلىك بىلەن تىز پۈكمەي 1943 - يىلى 9 - ئايدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ.

1962 - يىلى 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ قېدىمى ئورنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئورنىغا كىرگۈزۈلدى ۋە خاتىرە سارىيى تەسىس قىلىندى. ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ زىيارەت قىلىش ۋە ئۆگىنىشلىرى ئۈچۈن 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ قېدىمقى جايىنىڭ ئىچىدە پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدىكى شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار ھەم ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ ئىشلىگەن نەرسىلىرى ۋە سۈرەتلىرى قويۇلغان.

(ماقالە ۋە سۈرەتلەرنى 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ خاتىرە سارىيى تەمىنلىگەن.)

ئازات تەرجىمىسى

# 3000 مىڭ يىل بۇرۇنقى مىس تاۋلاش ئورنىنىڭ خارابىسى

يېقىندا، سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسسىق كۆلىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن 3 مىڭ يىل بۇرۇنقى مىس تاۋلاش ئورنىنىڭ خارابىسى تېپىلغان. بۇ مىس تاۋلاش مەركىزىنىڭ ئورنى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر. ئەتراپىدا بولۇپ، قېزىپ چىقىرىلىدىغان، ھاۋا كىرگۈزۈش يولى بولغان، كان ئېرىتىدىغان، مىسكەرلىك - ئىش ئورنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى مىس تاۋلىغۇچى ئۇستىلارنىڭ رودا ئېرىتىش داۋامىدا رودىدىن ئېرىش نۇقتىسى تۆۋەن بولغان مىس ئوكسىدىنى ئايرىۋالالايدىغان بولۇپلا قالماستىن بەلكى گۈڭگۈرتلەشكەن رودىدىن مىس ئايرىۋېلىشتەك ناھايىتى قىيىن بولغان ھونەر سەنئىتىنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ مىتال تاۋلاش ئورنىنىڭ خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مىس جابدۇق - ئەسۋاپ ۋە مىس قۇراللار، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇستىلار مىسنى پىششىقلاپ ئىشلەش، قېلىپلاپ تاختىلاش، كېسىش، يالتىرىتىش قاتارلىق مۇھىم جەھەتلەردە يۇقۇرى سەۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

«نۇر گېزىتى» 1982 - يىل 15 - ئاپرېل سانىدىن

غەيرەت ئوسمان تەرجىمىسى.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ ئېيتقىنى:

« ... ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ بولغىسىدىن مەۋلانا سەككاكى ۋە مەۋلانا لۇتپى رەھمەتۇللايىتائالا بىرىنىڭ شىرىن ئەبىياتىنىڭ ئېشتىھارى تۈركىستاندا بىغايەت ۋە بىرىنىڭ لەتىپ غەزەلىياتى ئىنتىشارى ئىراق ۋە خۇراساندا بىنىھايەتدۇر ھەم دىۋانلىرى مەۋجۇت بولغاي ....»

(ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل ئۇستىلىرىدىن ئالىلانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن مەۋلانا سەككاكى ۋە مەۋلانا لۇتپىلاركى، بىرىنىڭ تاتلىق شېئىرلىرىنىڭ شوھرىتى تۈركىستاندا چەكسىز ۋە بىرىنىڭ يېقىملىق - گۈزەل غەزەللىرىنىڭ تارقىلىشى ئىراق ۋە خۇراساندا ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم (شېئىرى) توپلاملىرى بار). ئەلشىر ناۋايى «خازائىنولمائانى» (چاردىۋان) غا يازغان كىرىش سۆزىدىن. مىلادىيە 1557 - يىلى، 1770، 1808 - يىللاردا كۆچۈرۈلگەن قوليازما نۇسخىلاردىن.

دانىشمەن تىل ھەققىدە مۇنداق دىدى:

سوز گوياكى كىسەلگە داۋا بولغۇچى دورىغا ئوخشاش ئەگەر لازىم بولغان مىقداردا ئىستىمال قىلىنسا پايدا كەلتورىدۇ. زورور بولغان مىقداردىن ئارتۇق ئىستىمال قىلىنسا زىيان كەلتۈرىدۇ. ھەتتا ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن.

«فەۋاكەلجەلىسە ناملىق كىتاپتىن.»

## ھىجرىيە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| ئىزاھات | 2 | | | 1 | | | ھەجرىيە يىل تەرتىۋى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 623 - 624 | | | 622 - 623 | | | مىلادىيە يىل تەرتىۋى |
| | ھەپتە | مىلادى ئاي | كۈنلەر | ھەپتە | مىلادىيە ئايلىرى | كۈنلەر | ھەجرىيە ئاي تەرتىۋى / ئايدىمىسى |
| ھەر ئىككى كالىندارنىڭ كۈنـ | 3 | 7 | 5 | 6 | 7 | 16 | 1 |
| لىرى، ھەپتىسى ئوخشاش | 5 | 8 | 4 | 1 | 8 | 15 | 3 |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| 1. ئەل مۇھەررەم | Əlmuharrəm |
| 2. سەپەر | Suəpər |
| 3. رەبىئۇل ئەۋۋەل | Rabiul əwwəl |
| 4. رەبىئۇسسانى | Rabiūs sani |
| 5. جامادىيەل ئەۋۋەل | Jamadiyəl əwwəl |
| 6. جامادىيەل ئاخىر | Jamadiyel ahir |
| 7. رەجەپ | Rajəb |
| 8. شەئبان | Xə'ban |
| 9. رامازان | Ramazan |
| 0. شەۋۋال | Xəwwal |
| 11. زۇلقەئدە | Zulkə'də |
| 12. زۇلھىججە | Zulhijjə |

| 13 | 61<br>680—681 | 62<br>681—682 | 63<br>682—683 | 64<br>683—684 | 65<br>684—658 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1.10.2 | 20. 9.6 | 10. 9.4 | 30. 8.1 | 18. 8.5 |
| 2 | 31.10.4 | 20.10.1 | 10.10.6 | 29. 9.3 | 17. 9.7 |
| 3 | 29.11.5 | 18.11.2 | 8.11.7 | 28.10.4 | 16.10.1 |
| 4 | 29.12.7 | 18.12.4 | 8.12.2 | 27.11.6 | 15.11.3 |
| 5 | 27. 1.1 | 16. 1.5 | 6. 1.3 | 26.12.7 | 14.12.4 |
| 6 | 26. 2.3 | 15. 2.7 | 5. 2.5 | 25. 1.2 | 13. 1.6 |
| 7 | 27. 3.4 | 16. 3.1 | 6. 3.6 | 23. 2.3 | 11. 2.7 |
| 8 | 26. 4.6 | 15. 4.3 | 5. 4.1 | 24. 3.5 | 13. 3.2 |
| 9 | 25. 5.7 | 14. 5.4 | 4. 5.2 | 22. 4.6 | 11. 4.3 |
| 10 | 24. 6.2 | 13. 6.6 | 3. 6.4 | 22. 5.1 | 11. 5.5 |
| 11 | 23. 7.3 | 12. 7.7 | 2. 7.5 | 20. 6.2 | 9. 6.6 |
| 12 | 22. 6.5 | 11. 8.2 | 1. 8.7 | 20. 7.4 | 9. 7.1 |

| 14 | 66<br>685—686 | 67<br>686—687 | 68<br>687—688 | 69<br>688—689 | 70<br>689—690 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 8. 8.3 | 28 .7.7 | 18. 7.5 | 6. 7.2 | 25. 6.6 |
| 2 | 7. 9.5 | 27 .8.2 | 17. 8.7 | 5. 8.4 | 25. 7.1 |
| 3 | 6.10.6 | 25 .9.3 | 15. 9.1 | 3. 9.5 | 23. 8.2 |
| 4 | 5.11.1 | 25.10.5 | 15.10.3 | 3.10.7 | 22. 9.4 |
| 5 | 4.12.2 | 23.11.6 | 13.11.4 | 1.11.1 | 21.10.5 |
| 6 | 3. 1.4 | 23.12.1 | 13.12.6 | 1.12.3 | 20.11.7 |
| 7 | 1. 2.5 | 21. 1.2 | 11.11.7 | 30.12.4 | 19.12.1 |
| 8 | 3. 3.7 | 20. 2.4 | 10. 2.2 | 29. 1.6 | 18. 1.3 |
| 9 | 1. 4.1 | 21. 3.5 | 10. 3.3 | 27. 2.7 | 16. 2.4 |
| 10 | 1. 5.3 | 20. 4.7 | 9. 4.5 | 29. 3.2 | 18. 3.6 |
| 11 | 30. 5.4 | 19. 5.1 | 8. 5.6 | 27. 4.3 | 16. 4.7 |
| 12 | 29. 6.6 | 18. 6.3 | 7. 6.1 | 27. 5.5 | 16. 5.2 |

| 15 | 71<br>690—691 | 72<br>691—692 | 73<br>692—693 | 74<br>693—694 | 75<br>694—695 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 15. 6.4 | 4. 6.1 | 23. 5.5 | 13. 5.3 | 2. 5.7 |
| 2 | 15. 7.6 | 4. 7.3 | 22. 6.7 | 12. 6.5 | 1. 6.2 |
| 3 | 13. 8.7 | 2. 8.4 | 21. 7.1 | 11. 7.6 | 30. 6.3 |
| 4 | 12. 9.2 | 1. 9.6 | 20. 8.3 | 10. 8.1 | 30. 7.5 |
| 5 | 11.10.3 | 30. 9.7 | 18. 9.4 | 8. 9.2 | 28. 8.6 |
| 6 | 10.11.5 | 30.10.2 | 18.10.6 | 8.10.4 | 27. 9.1 |
| 7 | 9.12.6 | 28.11.3 | 16.11.7 | 6.11.5 | 26.10.2 |
| 8 | 8. 1.1 | 28.12.5 | 16.12.2 | 6.12.7 | 25.11.4 |
| 9 | 6. 2.2 | 26. 1.6 | 14. 1.3 | 4. 1.1 | 24.12.5 |
| 10 | 8. 3.4 | 25. 2.1 | 13. 2.5 | 3. 2.3 | 23. 1.7 |
| 11 | 6. 4.5 | 25. 3.2 | 14. 3.6 | 4. 3.4 | 21. 2.1 |
| 12 | 6. 5.7 | 24. 4.4 | 13. 4.1 | 3. 4.6 | 23. 3.3 |

| 16 | 76<br>695—696 | 77<br>696—697 | 78<br>697—698 | 79<br>698—699 | 80<br>699—700 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 21. 4.4 | 10. 4.2 | 30. 3.6 | 20. 3.4 | 9. 3.1 |
| 2 | 21. 5.6 | 10. 5.4 | 29. 4.1 | 19. 4.6 | 8. 4.3 |
| 3 | 19. 6.7 | 8. 6.5 | 28. 5.2 | 18. 5.7 | 7. 5.4 |
| 4 | 19. 7.2 | 8. 7.7 | 27. 6.4 | 17. 6.2 | 6. 6.6 |
| 5 | 17. 8.3 | 6. 8.1 | 26. 7.5 | 16. 7.3 | 5. 7.7 |
| 6 | 16. 9.5 | 5. 9.3 | 25. 8.7 | 15. 8.5 | 4. 8.2 |
| 7 | 15.10.6 | 4.10.4 | 23. 9.1 | 13. 9.6 | 2. 9.3 |
| 8 | 14.11.1 | 3.11.6 | 23.10.3 | 13.10.1 | 2.10.5 |
| 9 | 13.12.2 | 2.12.7 | 21.11.4 | 11.11.2 | 31.10.6 |
| 10 | 12. 1.4 | 1. 1.2 | 21.12.6 | 11.12.4 | 30.11.1 |
| 11 | 10. 2.5 | 30. 1.3 | 19. 1.7 | 9. 1.5 | 29.12.2 |
| 12 | 11. 3.7 | 1. 3.5 | 18. 2.2 | 8. 2.7 | 28. 1.4 |

| 17 | 81<br>700—701 | 82<br>701—702 | 83<br>702 | 84<br>703 | 85<br>704 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 26. 2.5 | 15. 2.3 | 4. 2.7 | 24. 1.4 | 14. 1.2 |
| 2 | 27. 3.5 | 17. 3.5 | 6. 3.2 | 23. 2.6 | 13. 2.4 |
| 3 | 25. 4.1 | 15. 4.6 | 4. 4.3 | 24. 3.7 | 13. 3.5 |
| 4 | 25. 5.3 | 15. 5.1 | 4. 5.5 | 23. 4.2 | 12. 4.7 |
| 5 | 23. 6.4 | 13. 6.2 | 2. 6.6 | 22. 5.3 | 11. 5.1 |
| 6 | 23. 7.6 | 13. 7.4 | 2. 7.1 | 21. 6.5 | 10. 6.3 |
| 7 | 21. 8.7 | 11. 8.5 | 31. 7.2 | 20. 7.6 | 9. 7.4 |
| 8 | 20. 9.2 | 10. 9.7 | 30. 8.4 | 19. 8.1 | 8. 8.6 |
| 9 | 19.10.3 | 9.10.1 | 28. 9.5 | 17. 9.2 | 6. 9.7 |
| 10 | 18.11.5 | 8.11.3 | 28.10.7 | 17.10.4 | 6.10.2 |
| 11 | 17.12.6 | 7.12.4 | 26.11.1 | 15.11.5 | 4.11.3 |
| 12 | 16. 1.1 | 6. 1.6 | 26.12.3 | 15.12.7 | 4.12.5 |

| 18 | 86<br>705 | 87<br>705—706 | 88<br>706—707 | 89<br>707—708 | 90<br>708—709 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2. 1.6 | 23.12.4 | 12.12.1 | 1.12.5 | 20.11.3 |
| 2 | 1. 2.1 | 22. 1.6 | 11. 1.3 | 31.12.7 | 20.12.5 |
| 3 | 2. 3.2 | 20. 2.7 | 9. 2.4 | 29. 1.1 | 18. 1.6 |
| 4 | 1. 4.4 | 22. 3.2 | 11. 3.6 | 28. 2.3 | 17. 2.1 |
| 5 | 30. 4.5 | 20. 4.3 | 9. 4.7 | 28. 3.4 | 18. 3.2 |
| 6 | 30. 5.7 | 20. 5.5 | 9. 5.2 | 27. 4.6 | 17. 4.4 |
| 7 | 28. 6.1 | 18. 6.6 | 7. 6.3 | 26. 5.7 | 16. 5.5 |
| 8 | 28. 7.3 | 18. 7.1 | 7. 7.5 | 25. 6.2 | 15. 6.7 |
| 9 | 26. 8.4 | 16. 8.2 | 5. 8.6 | 24. 7.3 | 14. 7.1 |
| 10 | 25. 9.6 | 15. 9.4 | 4. 9.1 | 23. 8.5 | 13. 8.3 |
| 11 | 24.10.7 | 14.10.5 | 3.10.2 | 21. 9.6 | 11. 9.4 |
| 12 | 23.11.2 | 13.11.7 | 2.11.4 | 21.10.1 | 11.10.6 |

# شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى

新疆大学学报(哲学，社会科学维文季刊)

پەسىللىك ژورنال

1982 - يىل 2 - سان

(ئومۇمى 10 - سان)




8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش باشقارمىسى.


نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر بولۇمى

باسقۇچى: شىنجاڭ داشۆي باسما زاۋۇدى

تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ژورناللارنى تىزىملاش ئورنىنىڭ كىنىشكا نومۇرى 046·0

ۋاكالەت نومۇرى 13—58

باھاسى 0·40 يۈەن